قَدْ أَفْلَحَ مَنْ تَزَكَّى

# ئىسلامدا ئەقىل ۋە پەلسەپە

ئوسمان نۇرى توپباش



ئەركام نەشرىياتى

بسم الله الرحمن الرحيم

ئىستانبۇل 1443/2021

كىتابنىڭ ئەسلى ئىسمى: İslam Nazarında Akıl ve Felsefe
يازغۇچى: ئوسمان نۇرى توپباش
تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: تاھىرجان ئىبراھىم
تەھرىرى: مەجىد غاپۇر
ISBN: 978-625-440-286-9
بەتچىك: راسىم شاكىروغلۇ
ئىستانبۇل ـ 1443/2021
Language : Uighur

ئەركام نەشرىياتى

ئالاقىلىشىش ئادرېسى

| | |
|---|---|
| Address | : Ikitelli Organize Sanayi Bölgesi Mahallesi<br>Atatürk Bulvarı Haseyad 1. Kısım No: 60/3-C<br>Başakşehir - İstanbul / TURKEY |
| Phone | : +90 212 671 07 00 (Pbx) |
| Fax | : +90 212 671 07 48 |
| E-mail | : info@islamicpublishing.org |
| Web site | : www.islamicpublishing.org |

# ئىسلامدا ئەقىل ۋە پەلسەپە

ئوسمان نۇرى توپباش

ئەركام نەشرىياتى

قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:
«ئۇلار (ھەقنى تونۇش ئۈچۈن) قۇرئاننى تەپەككۇر قىلمامدۇ؟ بەلكى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قۇلۇپ بار (شۇڭا ئۇلار چۈشەنمەيدۇ)»[1]
«بىز كىشىلەرنى ۋەز - نەسىھەت ئالسۇن دەپ، بۇ قۇرئاندا ئۇلارغا تۈرلۈك مىساللارنى بايان قىلدۇق.»[2]
«بىز پەيغەمبەرلەرنى پەقەت (ئىمان ئېيتقۇچىلارغا) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتىمىز. كاپىرلار (پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن) ھەقىقەتنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن بىھۇدە سۆزلەرنى قىلىپ مۇنازىرىلىشىدۇ، ئۇلار مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇشلارنى مەسخىرە (يەنى ئويۇنچۇق) قىلىۋالدى.»[3]
ھەدىس شېرىپ مۇنداق دەيدۇ:
«ئەقىللىق ئادەم نەپسىنى تىزگىنلەيدۇ، ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىپ، ئۆلگەندىن كېيىنكى ھاياتى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ، لېكىن

---

1. سۈرە مۇھەممەد، 24-ئايەت
2. سۈرە زۇمەر، 27-ئايەت
3. سۈرە كەھف، 54-ئايەت

ئەخمەق ئادەم بولسا نەپسنى ئۆزىنىڭ هاۋايى هەۋەسگە ئەگەشتۈرگەن تۇرۇغلۇق يەنە جانابى ئاللاهتىن (ياخشىلىق) تەمە قىلىدۇ.»[4]

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دەيدۇ: "ئىلىملىك بولاي دىگەن ئادەم قۇرئان كەرىمنىڭ مەنە، مەزمۇنلىرىنى تەپەككۇر قىلسۇن، تەپسىرىنى چۈشىنىپ، تەجۋىد قائىدىلىرىگە رىئايە قىلغان هالدا ئوقۇشقا كۆڭۈل بۆلسۇن. چۈنكى قۇرئاندا بۇرۇنقىلارنىڭ ۋە كېيىنكىلەرنىڭ ئىلمى مەۋجۇتتۇر." [5]

ئىمام شەئبى مۇنداق دەيدۇ: "ئاللاه بىلەن قەسەمكى ۋەھيىگە تەسلىم بولماي، ئەقلىي قىياسلارغا ئەگىشىپ قالساڭلار، هالالنى هارام، هارامنى هالال دەيدىغان يەرگە بېرىپ قالىسىلەر"[6].

ئىبنى سىرىن مۇنداق دەيدۇ: "(ۋەھيىنىڭ سىرتىغا چىقىپ، ئەقلىي)

4. تىرمىزى، قىيامەت بابى، 25ـ بەت، 2459ـ ھەدىس
5. ھەيسەمى، 7ـ توم، 165ـ بەت، بەيهاقى، شۇئاب 2ـ توم، 331ـ بەت
6. دارەمى، مۇقەددىمە، 22ـ باب، 198ـ بەت

قىياس ئېلىپ بارغۇچىلارنىڭ تۇنجىسى ئىبلىستۇر. شۇنىڭدەك ئىنسانلارنى ئايغا، قۇياشقا... ئىبادەت قىلىشقا تەشۋىق قىلغانمۇ (يەنى ۋەھيىگە تەسلىم بولمىغان) ئەقلىنىڭ قىياسلىرىدۇر.[7]"

ھەزرىتى مەۋلانا مۇنداق دەيدۇ: "ئى قېرىندىشىم! سەن تەپەككۇر ئارقىلىق ھاياتقا ئېرىشىشىڭ لازىم... ئەگەر تەپەككۇرىڭ گۈل بولسا، (يەنى قۇرئان ۋە سۈننەت دائىرىسىدە بولسا) گۈل باغچىسىدا بولغان بولىسەن، ئەكسىچە تەپەككۇرىڭ تىكەن بولسا، (يەنى نەپسانىيىتىڭگە ئەگەشكەن بولساڭ) كۈل دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالىسەن.

ئەگەر، بۇ جان بۇ تەندىلا بولىدىكەن، قۇرئاننىڭ خىزمەتچىسى ۋە ھەزرىتى مۇھەممەد مۇستاپانىڭ يولىدا تۇپراق بولغايمەن... بىراۋ بۇ سۆزلىرىمگە قارشى بىر سۆز نەقىل قىلسا، ئۇ كىشىدىن ۋە ئۇ سۆزدىنمۇ بىزاردۇرمەن..."

---

7. دارەمى، مۇقەددىمە، 22 ـ باب، 196 ـ بەت.

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ...................................... 9
ئىسلامدا ئەقىل ۋە پەلسەپە ........................ 19
دېڭىز-ئوكياندىن بىر تامچە ........................ 23
ئەقلىمىزنى لال قىلغان ئىلاھى سىرلار .............. 25
سەگەك (سەزگۈر) تارازا ........................... 33
كۈلپەت بازىرىدا سائادەت ئىزدىگىلى بولمايدۇ! ........... 32
ھۇزۇرنىڭ دورىسى - رىزا ۋە غەيرەت .................... 36
چۈمۈلە ئەقلى ..................................... 42
كىمە كىتىپ قالغاندىن كېيىن ئەقلىنىڭ نېمە كېرىكى؟ .. 46
ئەمەلىي ئۆلچەم ئېھتىياجى .......................... 52
ئەقىل يېتەرلىك بولسا ئىدى ........................ 59
ئەقلىنىڭ يولى بىر ................................ 66
تۈتامسىزلىق سىمۋولى پوزىتىۋىزم ..................... 69
ئەقىل ئىككى بىسلىق پىچاق كەبى ..................... 77
ئەقلىنىڭ تۈتۇلۇشى ................................ 79
قايسى ئەقىلگە خىزمەت؟ ............................ 88
ساغلام ئەقىل ..................................... 92
روھنىڭ راھىتى ھېكمەتكە رام بولۇش .................. 95
روھنىڭ مۇھەببەت قاناتلىرى ......................... 104

ئەقىل ھەزرىتى مۇستاپاغا قۇربان بولسۇن! ..............108
ھەقىقەت ئەينىكى ..................................111
زىيالىيلارنىڭ ئىلاجىسىزلىقى ..........................117

# كىرىش سۆز

بىز ئىنسانلارنى يوقتىن يارىتىپ، مەۋجۇداتلار ئىچىدە ئەڭ شەرەپلىك قىلغان، ئىسلام، ئىمان ۋە قۇرئانغا ئوخشاش نۇرغۇن نېمەتلەر ئاتا قىلىپ، ئۆزىگە بەندىچىلىك يولىنى كۆرسەتكەن رەببىمىزگە چەكسىز ھەمدۇ-سانالار بولسۇن!

ئىنسانلارنىڭ ئىمانسىزلىق ۋە جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدىن قۇتۇلۇپ، ئەبەدىي سائادەتكە ئېرىشىشىگە ۋەسىلە بولغان پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە، بولۇپمۇ كائىناتنىڭ ئەبەدىيلىك پەخرى ۋە ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋە ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتى ۋە ساھابىلىرىغا دۇرۇت ۋە سالام بولسۇن!

جانابى ئاللاھ ئىنساننى ئۆزىنىڭ قۇدرەت ۋە كاتتىلىقىنىڭ دەلىللىرىدىن بىرى سۈپىتىدە ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ياراتقان ۋە دۇنيانىڭ بىر ئىمتىھان مەيدانى ئىكەنلىك ھەقىقىتىنى چۈشىنىپ، ئەبەدىي سائادەتكە ئېرىشىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەقىل، قەلب، ئىرادە ۋە ۋىجدانغا ئوخشاش بىر قىسىم ئۈستۈن ئىقتىدار ئاتا قىلغان. بۇ ئىقتىدار ۋە ئۆزگىچە قابىلىيەتلەر گەرچە مەزكۇر ھەقىقەتنى تولۇق ۋە توغرا ئىدراك قىلىشتا لازىم بولسىمۇ بىراق يېتەرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھتائالا

يەنە ئىنسانغا پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، كىتاب چۈشۈرۈپ، ئۆزىنىڭ لۇتفى-ئىنايىتىنى كامالەتكە يەتكۈزگەن. بۇنىڭدىن سىرت يەنە ئاللاھتائالا چەكسىز رەھمىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە، ھېچ بىر ئىنساننىڭ ئاللاھنىڭ لۇتفى-ئىنايىتىدىن مەھرۇم قالماسلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەۋەتىشنى تۇنجى ئىنسان ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن باشلىغان.

بولۇپمۇ، جانابى ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئەمر ۋە نەھيىلىرىنى، شۇنىڭدەك ئىجتىمائىي ھاياتقا مۇناسىۋەتلىك شەرئىي ھۆكۈملىرىنى زامان، ماكانىنىڭ ئەھۋالى ۋە تەرەققىياتىغا ماس ۋە ئۇيغۇن ھالدا كۆرستىپ بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىمان ۋە ئېتىقاد مەسىلىلىرىدە ئۆزگەرمەس ئالاھىدە پرىنسىپ تۇرغۇزغان.

جانابى ئاللاھ، ئىنسانىيەت ئاخىرلاشقانغا قەدەر ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ھەر تۈرلۈك ئىنسانىي ئېھتىياجلارنى قامدىيالايدىغان دەرىجىدە قۇرئاننى نازىل قىلىپ، ئۆزىنىڭ لۇتفى-ئىنايىتىنى مۆھۈرلىگەن. بۇ لۇتۇپ ھەقىقەتتە جانابى ئاللاھنىڭ ئۆز بەندىلىرىگە بولغان مەرھەمىتىنىڭ قىيامەتكە قەدەر داۋاملىشىدىغان مۆجىزىلىك نامايەندىسىدۇر.

ئاللاھتائالا مەۋجۇدات ئالىمدە كىمنىڭ ياخشىلىق، كىمنىڭ يامانلىق قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن جىن بىلەن ئىنسان تائىپىسىنى ئىلاھىي ئىمتىھانغا لايىق كۆرگەن. شۇ سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى ياخشىلىق ۋە يامانلىققا مايىل ياراتقان. شۇنىڭدەك،

باشقا پۇتۇن مەخلۇقاتلىرىنى بۇ ئىككى تائىپىنىڭ ئۆز رەببىگە بولغان قۇللۇق بۇرچىنى ۋە ئەمەل-ئىبادەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش مەقسىتىگە خىزمەت قىلىدىغان ئالاھىدىلىكتە ياراتقان.

دېمەككى، كائىناتنىڭ يارىتىلىشىدىكى سەۋەب ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ ئىدراك سەۋىيەسىدە رەببىمىزنىڭ بارلىقى، بىرلىكى ۋە يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكى توغرىسىدا كامىل ئىمانغا نائىل بولۇش ۋە ئۇنى ئەمەل-ئىبادەتلەر بىلەن ئۇلۇغلاشتۇر.

بۇ ئۇلۇغ مەقسەتنىڭ ئەمەلىيلىشىشىدە، ئىنسان ۋە جىنلارغا خاس قىلىنغان بۇ ئالاھىدىلىكلەر پەيغەمبەرلەرنىڭ تەبلىغلىرى بىلەن كۈچلەندۈرۈلۈپ، كامالەت تېپىشنىڭ شەرت ئىكەنلىكى، ئىلاھىي ياردەم بىلەن قارارلاشتۇرۇلغان.

قانداقكى، كۆز كۆرۈش ئۈچۈن يورۇققا موھتاج بولغان بولسا، ئەقىل ۋە قەلبمۇ چوڭقۇر تەپەككۇر بىلەن ئىلاھىي ھەقىقەتلەرگە ۋەسىلە بولۇش ئۈچۈن قۇرئان ۋە ئۇنىڭ تەتبىقاتى بولغان "سۈننەت" نىڭ نۇرى بىلەن يورۇتۇلۇشقا مۇھتاجدۇر. چۈنكى ئىنساننىڭ ئەقلى پەقەت قۇرئان ۋە سۈننەت نۇرىدا ھەقىقەتكە ۋە ياخشىلىققا ئېرىشەلەيدىغان خۇسۇسىيەتتە يارىتىلغان. قۇرئان ۋە سۈننەت ئاچقان تەپەككۇر ئۇپۇقى بولمىغان بولسىدى، بىز ئىنسانلار نۇرغۇنلىغان ھەقىقەتلەرنى پەقەتلا ئەقىل يولى بىلەن ئاڭقىرالمىغان بولاتتۇق. شۇنىڭدەك، قانچىلىغان

پەيلاسوپلارمۇ ئىچىگە سولۇنۇپ قالغان قاراڭغۇ زىندانلاردا هالاك بولۇشتىن قۇتۇلالمىغان بولاتتى.

تارىخ شۇنىڭغا جانلىق شاهىتتۇركى، ئىنسانلارغا دۇنيالىق هاياتىدا هۇزۇر ۋە سائادەت ۋەدە قىلغان پەلسەپىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار ئۆزىگە ۋە ئەگەشكۈچىلىرىگىمۇ سائادەت ئېلىپ كېلەلمىگەن. چۈنكى پەيلاسوپلارمۇ ھەقىقەتتە بىر ئاجىز ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مەۋجۇداتنىڭ ماهىيىتىنى ۋە دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادىتىنى ئۇ مەۋجۇداتلارنى ياراتقۇچى ئىگىسىدىن تېخىمۇ ياخشى بىلىش ئىمكانىيىتى يوق ۋە بولمايدۇ. ئىلاهىي ياردەمگە مۇيەسسەر بولغان پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ماڭغان ئالىم، ئارىپ ۋە زاهىد زاتلار بولسا، ئىنسانىيەتكە هەر ئىككى جاهاندا سائادەتكە ئېرىشىشنىڭ رېتسېپلىرىنى يېزىپ، پانى هاياتىدىن كېيىنمۇ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ قەلبىدە ياشاشقا داۋام قىلغان.

ئىنسانىيەت يارىتىلغان تارىختىن بېرى، هېچ قاچان ئىلاهىي دەۋەت ۋە پەيغەمبەر تەربىيەسىدىن مەهرۇم قالغان ئەمەس. بەزى رىۋايەتلەردە ئىنسانىيەتكە يۈز يىگىرمە تۆت مىڭ ئەتراپىدا پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەنلىكى ئېيتىلىدۇ. ئاخىر زامانغا كەلگەندە، زامان ۋە ماكاننىڭ پۈتۈن ئېهتىياجىغا ئەڭ مۇناسىپ شەكىلدە جاۋاب بېرەلەيدىغان دىن يەنى ئىسلام دىنىنى پەيغەمبىرىمىز مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ يىگىرمە ئۈچ يىللىق پەيغەمبەرلىك هاياتىدا تەدرىجىي هالدا كامالەت تاپقۇزغان ۋە بۇ

شەكىلدە بەندىلىرىگە دىن نېمىتىنى تاماملىغان. جانابى ئاللاھ بۇندىن كېيىن دىن جەھەتتە پەقەتلا ئىسلام دىنىدىن رازى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بىر يول تاللىغانلارنىڭ يولىنى ئەسلا قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.[8]

ئىسلام ئەڭ مۇكەممەل دۇنيا قاراشقا ئىگە. بىر سىستېمىنىڭ كامىل دۇنيا قارىشى بولالىشى ئۈچۈن ئەقلىگە كەلگەن ھەر قانداق سوئالغا جاۋاب بېرەلىشى ۋە جاۋابلارنىڭ سوئالغا ئۇيغۇن ۋە قايىل قىلارلىق بولۇشى، شۇنىڭدەك مەنتىقى جەھەتتىنمۇ بىر-بىرىگە زىت بولماسلىقى، ئەكسىچە ماسلىششچان بولۇشى لازىم. بۇ ئالاھىدىلىك پەقەتلا ئىسلامنىڭ دۇنيا قارىشىدا تېپىلىدۇ.

ئىسلام دىنى ھاياتنىڭ پۈتۈن ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر دۇنيا قاراش ۋە ھەرىكەت مىزانىدۇر. ئىسلام دىنى ئىنسان، كائىنات ھەممىدىن مۇھىمى ياراتقۇچىسى ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئۇسۇللىرىنى ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ ئىنچىكە شەكىلدە سىستېمىلاشتۇرۇپ بەرگەن. ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئىنسان ئۈچۈن ئۇ خۇددى يۇقىرى تېخنىكىلىق زاۋۇتنىڭ چۈشەندۈرۈش قوللانمىسىغا ئوخشايدۇ.

بۇرمىلانغان بۇرۇنقى دىنلار ۋە ئىنسانلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان باتىل دىنلار بولۇپمۇ

8. مائىدە سۈرىسى، 3-ئايەت، ئالى ئىمران سۈرىسى، 85-ئايەت

پەلسەپىچىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان دۇنيا قاراشلىرىنىڭ ھەممىسى نۇقسانلىق ۋە زىتلىقلار بىلەن تولۇپ تاشقان.

**قەدىرلىك ئوقۇرمەنلىرىمىز!**

مەدەنىيەت ئىستېلاسى ئومۇمىيۈزلۈك ئەۋج ئالغان بۈگۈنكى دەۋردە، ئىنسان مەپكۇرەسىنى ماتېرىيالىست لاگېرىغا قاماپ قويۇشقا تىرىشىلىۋاتقان ۋە كاپىتالىست سىستېمىنىڭ رەھىمسىز تەلقىنلىرى سەۋەبلىك نەپسانىي ھېرىسمەنلىك روھىي دۇنيايىمىزنى كىرلىتىۋاتقان بىر دۇنيادا ياشاۋاتىمىز. بۇنىڭدىن سىرت، ئىنسانلارنىڭ ئەقىل مەھسۇلى بولغان پەلسەپە ۋە پىكىر ئېقىملىرىنىڭ دىن ۋە مەنىۋىي قىممەت قاراشلىرىمىزنى بېسىم ئاستىغا ئېلىپ، ھاياتنىڭ ھەر ساھەسىدىن چىقىرىپ تاشلاشقا تىرىشىۋاتقانلىقىنى ئېچىنىشلىق ھالدا كۆرۈپ تۇرىۋاتىمىز.

ئىنسانلار تەرىپىدىن بۇرمىلانغان يەھۇدىيلىك ۋە بىر قانچە قېتىملىق قۇرۇلتاي يىغىنلىرىدا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلۈپ، ئەقىدە جەھەتتە تامامەن بۇزۇلۇپ كەتكەن خىرىستىيانلىقنىڭ زىتلىقلارغا تولغان دىنىي چۈشەنچىسى، غەرب دۇنياسىدا ئەقىلنى ئالدىنقى پىلانغا قويۇپ، دىننى ئىككىنچى پىلانغا قويۇشتەك پىكىر ئېقىمىنى بارلىققا كەلتۈردى.

بۇرمىلانغان دىنلارنىڭ ماھىيىتىدە ئىزدىگىنىنى تاپالمىغان پەيلاسوپ ۋە مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئادەتتە باشقا يول ئىزدىشى غايەت نورمال بىر ئەھۋال. لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەسىرلەردىن بىرى تەئەسسۇبىيەتلىك قىلىپ، ئىسلامغا قارشى نەپرەت تۇيغۇلىرى ئېشىپ،

ئىزدىگەنلىرىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى تاپالماي، قايمۇقۇپ، ئىسلامغا كىرىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدى. شۇ سەۋەبلىكمۇ بىلمەيمەن، لېكىن بىر قانچە ئەسىرلىك تەئەسسۇبىيەتلىك زەنجىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئىسلامغا نەزەر دىققىتىنى بېرىپ، سائادەت سارىيىغا كىرگەنلەرنىڭ سانى يوق دېيەرلىك. شۇنداقتىمۇ يەنە كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئالاقە-ئۇچۇر ۋە قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىسلامغا مايىل قەلبلەرنىڭ سانى نىسبەتەن كۆپەيگەن بولسىمۇ، تېخىچە يېتەرلىك ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن پەلسەپىنىڭ غەرب ئەللىرىدە بۇ قەدەر راۋاجلىنىپ، روناق تاپقانلىقىدىن تەئەججۈبلەنمەسلىك كېرەك.

بۇنىڭ بىلەن بىرگە غەرب ئەللىرىنىڭ تەتقىقات ساھەسىدە چوڭقۇرلۇشۇپ، پەن-تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىي ساھەدە ئىلگىرىلەپ، دۇنياغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىشى، مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭمۇ تەرەققىي قىلىپ قەد كۆتۈرۈشى ئۈچۈن خۇددى ئۇلاردەك ئەقلىنى ۋەھيىنىڭ ئالدىغا قويۇشى كېرەكتەك خاتا بىر چۈشەنچىنىڭ دولقۇنسىمان قوزغۇلىشىغا سەۋەب بولماقتا. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ تارىختا ئىسلامغا ساداقەتمەنلىك بىلەن باغلانغان چاغلىرىدا دۇنيانىڭ ئەڭ مۆتىۋەر ۋە شەرەپلىك مەدەنىيەتلىرىنى قۇرغانلىقىنى كۆرمەي، ئىسلام ئەللىرىدىكى خەلقنىڭ زېھنىگە خۇددى يۇقۇملۇق ۋابا كېسىلى مەزگىلىدە بولغىنىدەك، ئۆزلىرىنىڭ ئەبجەق پىكىرلىرى بىلەن ۋاكسىنا سېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ.

بۇنداق خەتەرلىك مەنزىرە ئالدىدا مۇسۇلمانلارنىڭ، بولۇپمۇ ئەھلى ئىلىما، فەقىھ ـ فۇقەھا ۋە مەرىپەتلىك دىنىي زاتلارنىڭ قاتتىق پەخەس بولۇشى، تېخىمۇ پاراسەتلىك بولۇپ، دىققەت قىلىشى لازىم.

كۈنىمىزدە ئىسلام ئەللىرىدىكى غەرب پەلسەپىسىگە كۆتۈرۈلگەن ھەۋەس ۋە تەلپۈنىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، ئۇلارنىڭ "ئىسلام دۇنيا قارىشى"نىڭ كۆركەم ۋە تەنتەنىلىك مەدەنىيەت چۈشەنچىسىدىن دېگەندەك خەۋەردار بولالمىغانلىقىدۇر. بۇ ئەھۋال خۇددى قۇياشنى كۆرمىگەنلەرنىڭ گۈڭگا شام يورۇقىنى كۆرۈپ ھەيران قالغانلىقىغا ئوخشايدۇ.

ئۇنىڭدىن سىرت، پەلسەپە دەرسلىرى دىنىي فاكولتېتلار دەرسلىكلىرى قاتارىدىنمۇ ئەمەسمۇ دېگەندەك تالاش ـ تارتىشلار يۈز بېرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئەتراپىمىزدىن ۋە ئوقۇغۇچىلىرىمىزدىن ئىسلامىي قاراش نوقتىسىدىن "ئەقىل ۋە پەلسەپە"گە قارىتا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك دېگەندەك تۈرلۈك سوئاللار كەلمەكتە.

بۇنداق بىر مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە، ھەر خىل ۋەسىلىلەر بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى زۆرۈر بولغان بىر قىسىم ھەقىقەتلەرنى بۇنىڭدەك كىچىك بىر كىتابچىغا يىغىنچاقلاپ، سىز ئوقۇرمەنلىرىمىزگە تەقدىم قىلىشنى لايىق كۆردۇق.

بۇ كىتابچىنىڭ تەييارلىنىشىدا قادىر مىسىرئوغلىنىڭ "ئىسلام دۇنيا قارىشى"، نەجىپ فازىلنىڭ "غەرب

تەپەككۇرى ۋە ئىسلام تەسەۋۋۇپى“، ئىمام غەززالىنىڭ ”ئەلمۇنقىزۇ مىنەززەلال“، ئىمام رەببانىنىڭ ”مەكتۇبات“ ۋە بەدىئۇززامان ھەزرەتلىرىنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىدىن پايدىلانغاندىن سىرت يەنە باشقا كىتاب ۋە ماقالىلەردىنمۇ پايدىلاندۇق.

جانابى ئاللاھ بىزنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس كىتابىنىڭ پەيزىدىن مەھرۇم قىلمىسۇن! پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلۇلارنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئالىم-ئۆلىما ۋە ئارىپ زاتلارنىڭ نۇرلۇق ئىزىدىن ئايرىمىسۇن. يېگانە ھەق دىن بولغان ئىسلامنىڭ قەدرى-قىممىتىنى بىلىشنى، ئۇنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ئىدراك قىلىپ ياشاشنى ۋە ئۆزى رازى بولغان قۇللارنىڭ ئارىسىغا كىرىشنى ھەممىمىزگە نېسىپ قىلسۇن!

ئامىن!

# ئىسلامدا ئەقىل ۋە پەلسەپە

پەلسەپىنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى نىمە؟ پەلسەپىنىڭ ھەقىقەتنى تېپىشتىكى مۇھىم قورالى بولغان "ئەقىل" بىلەن قانچىلىك مۇساپىدە يول ماڭغىلى بولىدۇ؟ ئەقىل تارازىسى پۈتۈن ھەقىقەتلەرنى تارتالىغۇدەك كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىكمۇ؟ ئەقىل تېڭىرقاپ قالغان نوقتىلاردىن قانداق چىقىش يولى تاپقىلى بولىدۇ؟ دېگەندەك سوئاللار، تارىختا بولۇپ ئۆتكىنىدەك، بۈگۈنمۇ زېھنىمىزنى مەشغۇل قىلىپ كەلمەكتە.

باشتا شۇنى ئېنىق ئىپادىلەيمىزكى، پەلسەپە ئەقىلگە ئاساسلىنىدۇ. ئىسلام بولسا ئەقىل ۋە نەقىل (يەنى قۇرئان ۋە سۈننەت) گە ئاساسلىنىدۇ. چەكسىز ئىلىم ئىگىسى ياراتقۇچىمىز ئاللاھنىڭ بىزگە يەتكۈزگەن ھەقىقەتلەرگە ئاساسلانغان تەپەككۇر سىستېمىسى بىلەن ئىنسانىنىڭ چەكلىك ئەقلى ۋە يېتەرسىز زېھنىگە ئاساسلانغان پەلسەپە ئارىسىدا، مەسىلە ۋە غايە ئېتىبارى بىلەن ئوخشاشلىق بولغان بولسىمۇ، مېتود، ئۇسۇل، ۋاستە ۋە تەپەككۇر-تەسەۋۋۇر كۈچى تەرەپتىن ئىنتايىن چوڭ پەرق بار.

"ئىسلام پەلسەپىسى" دېگىنىمىزدە، ئەلۋەتتە پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدا ئىسلامي تەپەككۇر مۇھىتىدا يېتىشكەن

مۇتەپەككۇرلارنىڭ ياكى ئىسلامىي چۈشەنچىلىرىنى پىكرىي جەھەتتىن پەلسەپىۋى خاھىش بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇش مېتودلىرى مەقسەت قىلىنىدۇ. بەزىدە ئىسلام پەلسەپىسى تەبىرى بىلەن دىنىنىڭ ئابستراكىت ھەقىقەتلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى مەقسەت قىلىنىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا ئىسلام پۈتۈن پەلسەپىۋى قاراشلارنى ئىلغىماي ھەممىنى قوبۇل قىلىدۇ، دېگەن خاتا ئۇقۇم كېلىپ چىقىدۇ.

مەسىلەن، ئىسلامدا راتسىئونالىزم مەلۇم مەنىدە ئەقلىيەتچىدۇر. ئىسلام ئەقىلگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇ دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدۇكى، ئەقىلنى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا مەسئۇللۇققا تارتىلىشىنىڭ ئىككى ئاساسى شەرتىنىڭ بىرى دەپ قارايدۇ. بۇ شەرتلەرنىڭ بىرىنچىسى، بالاغەت يېشىغا يېتىش، ئىككىنچىسى بولسا ئاقىل يەنى ئەقلى-ھوشى جايىدا بولۇش، يەنى ھالال-ھارامنى، ساۋاب-گۇناھنى، ياخشى-ياماننى ئايرىغۇدەك سەۋىيەدە ئەقىل كۈچىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدۇر. شۇ سەۋەبلىك ئۆسمۈر باللار ۋە ئەقلى-ھوشى جايىدا بولمىغان ئىنسانلار ئىسلام نەزىرىدە سۆز-ھەرىكىتىدىن مەسئۇل بولمايدۇ.

ئەقىلگە بۇ دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەن ئىسلام، مۆمىن-مۇسۇلمانلارنى تۈرلۈك يوللار بىلەن ھايات ۋە كائىناتنىڭ ھەقىقىتى ۋە ئىلاھىي بايانلىرىنىڭ ھېكمەتلىرىنى تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەيدۇ. بۇنىا بىر قىسىم سەلبىي خاھىشتىن خالى "ساغلام ئەقىل" بىلەن ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

يەنە بىر مۇھىم مەسىلە، ئىسلامدا ئەقىلنىڭ ھەقىقەتلەرنى بايقاش قابىلىيىتى چەكسىز ئەمەسلىكى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. چۈنكى جانابى ئاللاھ ياراتقان ھېچقانداق بىر مەخلۇققا چەكسىز كۈچ-قۇدرەت بەخش ئەتمىگەن.

پۈتكۈل مەخلۇقاتلارنىڭ ئىلاھىي تەرەپتىن بېرىلگەن كۈچ-قۇدرەت ۋە ئەقىل-پاراستى چەكلىك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەقىل ئىنساننى مۇتلەق ھەقىقەتكە يېتەكلەيدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئەقىلنىڭمۇ كۈچى نىسپىي، ئىقتىدارى چەكلىك. لېكىن ھايات ۋە كائىناتتىكى ھەقىقەتلەر چەكسىز بولۇپ، ئەقىل چەمبىرىكىگە سىغمايدۇ. بۇ ھەقىقەت ئەقىلنىڭ ھەقىقەتلەرنى كامىل مەنىدە ئىدراك قىلىشىنىڭ لازىملىقىنى كۆرسەتسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يېتەرسىز ئەمەسلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئىسلام ئالىملىرى ئەقىلنى ”ناقىس ئەقىل“ ياكى ”جۈزئى ئەقىل“ دېگەن ئىپادىلەر بىلەن ئاتىغان.

يەنە شۇنىڭدەك، ئىماننىڭ شەرتى: ”تىل بىلەن ئىقرار قىلىش، قەلب بىلەن تەستىقلاش“ بولۇپ، ئەقىل شەرت قىلىنمىغان. مانا مۇشۇنىڭدەك ئىسلامنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسى شەرتىگە ئەقىل ۋاستىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەقىلنىڭ تاقىتى يەتمىگەندە، قەلب ماقۇللىقى بىلەن يەنى ”تەسلىمىيەت“ بىلەن ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

چۈنكى ئىنساننىڭ ئەقلى قانچىلىك يۇقىرى بولۇشتىن قەتئىينەزەر چەكسىز ئىلىم ۋە قۇدرەت ئىگىسى ئاللاھنىڭ بىلدۈرىشىگە نىسبەتەن ھېچنىمە ئەمەس. «پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئىلمى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ،»[9] لېكىن ئىنسان ھەر قانچە ئەقىل-پاراسەتلىك بولسىمۇ، يەنە ئۇنىڭ ئىلمى چەكلىك، ھەتتا ئەتە بېشىغا نېمە ئىشلار كېلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. بۇ سەۋەپتىن ئەقىللىق ئىنسان ياراتقۇچىسى رەببىنىڭ بۇيرۇقلىرى بويىچە ھەرىكەت قىلغان تەقدىردە، ئاندىن ئۆزىنىڭ يارىتىلىش غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولىدۇ.

9. سۈرە ئەئراف، 89-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

# دېڭىز-ئوكياندىن بىر تامچە

بىر سەنئەت ئەسىرىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىنىڭ ئۆز ئەسىرىنى شەكىللەندۈرۈشتىكى ھېس-تۇيغۇسىنى ھېچ كىممۇ سەنئەتكارنىڭ ئۆزىدەك تەسۋىرلەپ بېرەلمەيدۇ. شۇنىڭدەك، پۈتۈن مەۋجۇدات ۋە ھادىسىلەردە يوشۇرۇنغان ئىلاھىي ھەقىقەتلەرنىڭ ماھىيىتىگە، ئۆزىمۇ شۇ مەۋجۇداتلار جۈملىسىدىن بولغان ئىنساننىڭ ئەقلى تولۇق مەنىدە ئىگە بولالىشى ئىمكانسىز. چۈنكى ياراتقۇچىنىڭ ئىلمى بىلەن يارىتىلغۇچىنىڭ ئىلمى قەتئىي ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ خۇددى پايانسىز بىر تىنچ ئوكيانغا نىسبەتەن پەقەتلا بىر تامچە سۇنىڭ پەرقىدەك چوڭ پەرققە ئىگە.

شۇ سەۋەبلىك ئىنساننىڭ ئىدراكى كائىناتنى يوقتىن ياراتقان ئاللاھتائالانىمۇ ھەقىقىي مەنىدە تونۇشتىن ئاجىز كېلىدۇ. چۈنكى ئىنسانىي بىلىم ۋە مەلۇماتلارنىڭ يولى بەش سەزگۈ ئەزا (كۆرۈش، ئاڭلاش، تۇتۇش، پۇراش، تېتىش) بىلەن بىرگە ئەقىل ۋە قەلبتۇر. بۇ ئىدراك ۋاستىلىرىنىڭ كۈچ-قۇدرىتى، ئادەتتە چەكلىك بولىدۇ. قۇدرىتى چەكلىك ۋاستىلار بىلەن مۇتلەق باقى، ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي بولغان ئۇلۇغ زاتنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئەتراپلىق چۈشىنىش ئىمكانسىز. چەكلىك ۋاستىلار

بىلەن بارلىققا كېلىدىغان ھەر قانداق ئىدراكنىڭ ئۆلچىمى بولىدۇ. يەنى بۇ "چېلىكىمىز قانچىلىك بولسا، دېڭىز-ئوكياندىن شۇنچىلىك سۇ ئالالايمىز" دېگەنلىكتىن ئىبارەت.

بۇ ھەقىقەت بىر ھەدىس شەرىپتە ئەڭ گۈزەل شەكىلدە مۇنداق خۇلاسىلانغان:

(خىزىر مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاجايىپ ۋە ھېكمەتلىك ھادىسىلەرنى كۆرسەتكەن بىر قېتىملىق ساياھەت ئەسناسىدا) بىر ئاق قۇشقاچ كېلىپ، ئۇلار چىققان كېمىنىڭ رىشاتكىسىغا قونىدۇ ۋە تۇمشۇقى بىلەن دېڭىزدىن بىر تامچە سۇ ئالىدۇ. بۇنى كۆرگەن خىزىر مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قۇشقاچنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق بىر ئوخشىتىش قىلىدۇ: "ئاللاھنىڭ ئىلمى بىر ئوكيان بولسا سېنىڭ، مېنىڭ ۋە بارچە مەخلۇقاتنىڭ ئىلمى شۇ قۇشقاچنىڭ ئاغزىدىكى بىر تامچە سۇ، خالاس."[10]

10. ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

# ئەقلىمىزنى لال قىلغان ئىلاھىي سىرلار

نۇرغۇن ئىلاھىي ھەقىقەتلەرنىڭ ماھىيىتىگە يېتىشتە ئەقىل يېتەرلىك ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئىسلام غەيبكە ئىشىنىشنى ئەقىدىنىڭ بىر قىسمى قىلىپ بەلگىلىگەن.

بۇ ھەقىقەتنىڭ كۈچلۈك دەلىللىرىدىن بىرى ”روھنىڭ ماھىيىتى“ ھەققىدىكى تارىخىي مۇنازىرە ۋە تالاش-تارتىشلاردۇر. ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئەسىرلەردىن بېرى پەيلاسوپلار روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە كەسكىن بىر ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن نەتىجىدە ئۇلار روھنىڭ ماھىيىتىنى بىلگىلى بولمايدىغانلىقى، لېكىن ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلغىلى تېخىمۇ بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن.

روھ مەسىلىسى، قەدىمدىن تارتىپ پەلسەپىۋى تەتقىقاتچىلارنىڭ مۇھىم تېمىلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە مۇنازىرە قىلىنىپ، ئاخىرىدا پەلسەپە ساھەسىدىن چىقىپ، ”ئىلمۇننەفس“ يەنى روھىيەت ياكى كۈنىمىزدىكى تەبىر بويىچە ”پسىخولوگىيە ئىلمى“ ساھەسىگە تەۋە بولۇپ قالغان. بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئىلىمنىڭ تېمىسى روھنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشكە تىرىشىش ئەمەس، روھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۇدۇل يەنى تەبىئىي ھالدا

بىۋاستە قوبۇللىنىش، ئاندىن ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ھادىسىلەرنى ۋە بۇ ھادىسىلەر بىلەن فىزىيكىلىق (ماددىي) شەيئىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەتقىق قىلىشقا يېغىنچاقلانغان.

بۇ ئەھۋال، پەيلاسوپلارنىڭمۇ ئەقلىي كۈچىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. كۈنىمىزدە ھېچقانداق بىر پەيلاسوپنىڭ روھنىڭ ماھىيىتىنى تەتقىق قىلىش بىلەن مەشغۇل ئىكەنلىكىنى ئېيتقىلى بولمايدۇ. قارايدىغان بولساق، بۈگۈنكى پسىخولوگلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشى روھ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھادىسىلەرنىڭ سەۋەب-نەتىجىلىرىنى تەتقىق قىلىشنىڭ سىرتىغا چىقالىغان ئەمەس، خۇددى ئۇ بىر "تەجرىبىخانا تەتقىقاتى" غا ئوخشاپ قالغان. ئەمەلىيەتتە قۇرئان بۇنى ئەسىرلەر ئاۋۋال ئوتتۇرىغا قويۇپ، روھنىڭ ماھىيىتىنىڭ بىلىنمەيدىغانلىقى، ئۇنىڭ ھەققىدە ئىنسانلارغا ئازغىنە مەلۇمات بېرىلگەنلىكىنى ئېلان قىلغان.[11]

دېمەك، قۇرئان كەرىم ھەر ۋاقىت ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغانلىقى، ئىنسانلارنىڭ ئىلمى ئۇنى "توغرا" دەپ تەستىقلاپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈشكە مەجبۇر ئىكەنلىكى بىر ھەقىقەت. مانا بۇ قۇرئان كەرىم ئوتتۇرىغا قويغان ھەقىقەتلەرگە قارىماي، ئۆزىنىڭ كەم ئەقلى ۋە ئاجىز تەپەككۇرى بىلەن ئېلىپ بارغان پۈتۈن تەتقىقات

11. سۈرە ئىسرا، 85-ئايەت

پائالىيەتلىرىنىڭ نەتىجىسىز ئاخىرلاشقانلىقىنى قوبۇل قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى، ئاخىرىدا قۇرئان ئوتتۇرىغا قويغان ھەقىقەتلەرگە تەسلىم بولۇشتىن باشقا ئامال يوقلۇقىنى كۆرسەتكەن ئاددىيلا بىر مىسال.

ئاللاھنىڭ زاتىنىڭ ماھىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ھەقىقەتلەرگە ئېرىشىشمۇ، خۇددى روھنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشتەك ئىنسان ئەقلىنىڭ سىرتىدىكى ئىنچىكە مەسىلە قاتارىدىندۇر. بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلارمۇ ئاخىرىدا نەتىجىسىز بولۇپ چىقىدۇ. شۇ سەۋەبلىككى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: ”ئاللاھتائالانىڭ مەخلۇقاتلىرى ۋە ئۇنىڭ ئاتا قىلغان نېمەتلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىڭلار، ئەمما زاتى ھەققىدە ئويلىنىش قىلماڭلار. چۈنكى ئۇنىڭ شانىنى لايىقىدا قەدىرلىيەلمەيسىلەر“[12] دېگەن.

ئىبنى ئەرەبىنىڭ مۇنداق مەشھۇر بىر سۆزى بار: ”كل ما خطر ببالك والله وراء ذالك“ (جانابى ئاللاھنىڭ (زاتىغا) مۇناسىۋەتلىك ئەقلىڭگە نېمە كەلسە مەيلى، ئۇ زات ئۇنىڭدىن قاتمۇ قات ئۈزاقتادۇر). دېمەككى، جانابى ئاللاھنىڭ (زاتىنى) ئىدراك قىلىشمۇ روھ مەسىلىسىگە ئوخشاشلا ماھىيىتىنى سۈرۈشتۈرمەي، قۇرئان ۋە سۈننەتتە كەلگەن ”ناس“ يەنى ئىبارە بويىچە چۈشىنىپ، ئىشىنىش كېرەك بولغان مەسىلىلەرنىڭ قاتارىدىن.

---

12. بەيھاقى، ئىككىنچى توم، 56 ـ بەت

ئىسلام، ئىلاھىي سىر ۋە ئەقىلدىن سىرتقى تېمىلاردا تالاش-تارتىش قىلماي، ئىلاھىي ھۆكۈملەرگە تەسلىم بولۇشىمىزنى تەكىتلەيدۇ. قانداقكى "ئىسلام" كەلىمىسىنىڭ سۆز تومۇرىمۇ "سەلىمە" كەلىمىسىدىن تۈرەلگەن بولۇپ، مەنىسى: ئاللاھقا مۇتلەق تەسلىم بولۇپ، بوي ئېگىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى ئىمان ئەقىل مىزانى تارتالمايدىغان، ئەقىل ئۈستى بىر تۈركۈم ھەقىقەتلەرنىمۇ شەرتسىز قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

قانداقكى، سۈرە كەھفتە ئوتتۇرىغا قويۇلغىنىدەك[13]، جانابى ئاللاھ مۇسا ئەلەيھسسالامغا "لەدۇننى" ئىلىملەرنى تەلىم بېرىش ئۈچۈن خىزىرنى ۋەزىپىگە تەيىن قىلغان. ئەمەلىيەتتە مۇسا ئەلەيھسسالام شەخسەن شەرىئەت بېرىلگەن بىر پەيغەمبەر بولسىمۇ، لېكىن خىزىرنىڭ قىلغانلىرى ئەقلىي تەرەپتىن كۆرۈنۈشتە ئۇ زاتنىڭ شەرىئىتىگە زىت ئىشلاردەك بىلىنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسا ئەلەيھسسالام مەسىلىنىڭ ھېكمىتىنى ئەقلىي جەھەتتىن قوبۇل قىلالماي ھەيرانلىق ئىچىدە خىزىرغا ئېتىراز قىلغانىدى.

خىزىر بولسا، مۇسا ئەلەيھسسالام بىلەن ئۇچراشقاندا، ئالدى بىلەن ئۇ زاتنى بىر قىسىم مەسىلىلەرنىڭ تېگىگە يېتىشتىن بۇرۇن سەبىرسىزلىك قىلىپ، سوئال سورىماسلىق ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. خىزىر

13. سۈرە كەھف، 82-ئايەت

ئەلەيھىسسالام پەقەتلا ئەقىل پىلانى بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغانلارنىڭ ھېكمەتكە ۋاقىپ بولالمايدىغانلىقىغا ۋە بۇ يولدا تەسلىمىيەت قاناتلىرى بىلەن يولغا چىقىشنىڭ لازىملىقىغا ئىشارەت قىلغان.

قاچانكى، خىزىر يۈز بەرگەن ھادىسىلەر ھەققىدە چۈشەنچە بەرگەندىن كېيىن ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئەقلىنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان ھەقىقەتلەرنىڭمۇ بارلىقىنى ھەقىقىي مەنىدە تونۇپ يەتكەن.

سەھىھى بۇخارىدا بۇ قىسسىغا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بىر ھەدىس بايان قىلىنغان: «جانابى ئاللاھ ئىمران ئوغلى مۇساغا رەھمەت قىلسۇن! ئەگەر سەۋر قىلالىغان بولسا ئىدى، خىزىردىن تېخىمۇ كۆپ ئاجايىپ ھادىسىلەرگە ۋاقىپ بولغان بولاتتى»[14]

ئىسلامدا ئاللاھتىن باشقىسى بىلمەيدىغان ياكى پەقەتلا ئاللاھ ئۆزى خالىغان مۇستەسنا (خاس) كىشىلەرگە بىلدۈرگەن، لېكىن ئىنسان ئەقلى يەتمەيدىغان غەيبى ھەقىقەتلەرگە تەسلىم بولۇپ، ئىمان كەلتۈرۈش ۋاجىبتۇر.

شۇ سەۋەبلىك، ساغلام ئەقلىنىڭ كېرىكى شۇكى، ھەقىقەتنى ئىزدەشكە لايىقىدا كۈچ چىقىرىش، بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىلاھىي بايانلارغا رام بولۇشتىن ئايرىلىپ قالماسلىق.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامنىڭ ئەقىلچىلىك نەزەرىيەسى، ھەقىقەتنى ئىزدەشتە ئەقلىنىڭ كۈچىنى چەكسىز

14. سەھىھۇل بۇخارى، ئەنبىيا بابى، 27 ـ بەت

بىلىپ، ئۇنى ئىلاھلاشتۇرىۋالغان راتسىئونالىزمچى پەلسەپىچىلەرنىڭ قارىشىغا قەتئىي ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ئىسلام ئەقىلنى تەبىئىي ھالدا قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ چېگرا دائىرىسى ئىچىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن رېئال يەنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بىر قائىدە ـ نىزامدۇر.

# سەگەك (سەزگۈر) تارازا

قانداقكى كۆزنىڭ كۆرۈش ئىقتىدارى ۋە قۇلاقنىڭ ئاڭلاش كۈچى چەكلىك بولغىنىدەك ئەقلىنىڭ ئىدراك كۈچىمۇ چەكلىكتۇر. كۆزنىڭ كۆرۈش چېگراسىنىڭ نېرىسىدا بولغانلىقى ئۈچۈن كۆرۈلمىگەن سانسىزلىغان مەخلۇقاتلار بولغىنىدەك، قۇلاقنىڭ ئاڭلاش سەۋىيەسىنىڭ سىرتىدا قالغانلىقى ئۈچۈن ئاڭلانمىغان نۇرغۇن تىۋىش ۋە ئاۋازلار بار. شۇنىڭغا ئوخشاش ئەقلىنىڭمۇ ئىدراك قىلىش كۈچىنىڭ سىرتىدا قالغان، ماھىيىتىگە يېتىشتىن ئاجىزلىق قىلغان نۇرغۇن ھەقىقەتلەر بار.

بۈيۈك ئىسلام ئالىمى جەمئىيەتشۇناس ۋە تارىخ پەلسەپىسىنىڭ ئاتىسى دەپ ئاتالغان ئىبنى خەلدۇن بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: "ئەقىل دۇرۇس تارازىدۇر. ئەمما ئۇنىڭ بىلەن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەتكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى، پەيغەمبەرلىك، شۇنىڭدەك بىر قىسىم ئەقىل ئۈستى ھەقىقەتلەرنى ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. بۇنى ئۆلچەپ، پىچىمەن دېيىش، بىھۇدە ئاۋارىچىلىقتىن باشقا ئىشقا يارىمايدۇ، بۇ خۇددى بىر كىشىنىڭ "نېمە دېگەن سەزگۈر مىسقال ھە!" دەپ، مىسكەرلىك مىسقالىدا تاغلارنى تارتىشقا ئۇرۇنۇشقا ئوخشايدۇ. دۇرۇس، تارازىنىڭ توغرىلىقىدا گەپ يوق، لېكىن ئۇنىڭ تارتىش

ۋەزنىنىڭ بىر چېكى بار، ئەلۋەتتە. شۇنىڭغا ئوخشاش ئەقلىنىڭ "بىلىش، ئاڭقىرىش، چۈشىنىش" كۈچىنىڭمۇ بىر چېكى بار. ئۇنىڭ سىرتىغا چىقىمەن دېيىش بىھۇدە ئاۋارىچىلىك، خالاس."

شائىر زىيا پاشا بۇ ھەقىقەتنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە مۇنداق ئىپادىلىگەن:

"ئىدراك ئۇقۇمى، بۇ كىچىك ئەقىلگە سىغمايدۇ، چۈنكى بۇ تارازا بۇنچە ئېغىرلىقنى تارتمايدۇ."

ئەقلىنىڭ كۈچى چەكلىكتۇر، ئۇنىڭ سىرتىغا چىقىمەن دېيىش ساراڭلىق ياكى ئازغۇنلۇقتۇر. قانچىلىك مۇكەممەل بولسا بولسۇن، 120 ۋاتلىق موتورغا، 2500 ۋاتلىق توك كۈچى قويۇپ بېرىمەن دېسىڭىز، موتورىڭىز پارتلاپ كەتمىسىمۇ كۆيۈپ كېتىشى مۇقەررەر. ئەمەلىيەتتە ئەقلىنىڭ كۈچىنى چەكسىز دەپ قارايدىغان بىر قىسىم پەلسەپىچىلەرنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى ئەقىل بالنىستلىرى (ساراڭلار دوختۇرخانىسى)دا ئۆتكۈزگەنلىكى ياكى ئۆزىنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلىقىنى بىلىمىز.

# كۆلپەت بازىرىدا سائادەت ئىزدىگىلى بولمايدۇ!

ئىلاھى ۋەھىينىڭ رەھبەرلىكىدىن خالى، ھەقىقەتكە ئېرىشىش مۇددىئاسىدا بولۇپ، يولغا چىققان پەيلاسوپلارنىڭ كۆپ قىسمى، ئىنسانلارنى سائادەت ئورنىغا كۆلپەتكە، ھەقىقەت ئورنىغا ئازغۇنلۇققا باشلىغان.

شەھبەندەرزادە فىلىبەلى ئەھمەد ھىلمى ئۆزىنىڭ "چوڭقۇر خىيال" ناملىق ئەسىرىدە، مەجاز شەكلىدە بىر ھېكايە سۆزلەپ، كۆلپەتنى قانداق قىلغاندا سائادەتكە ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلغان. بىز تۆۋەندە قىسقارتىپ نەقىل قىلغان بۇ ھادىسىدە، ماتېرىيالىست پەلسەپىنىڭ قۇربانى بولۇپ، روھى جەھەتتىن بۆھراندا قېلىپ، ھۇزۇر ۋە سائادەت ئىزدەپ يۈرگەن ھېكايىنىڭ قەھرىمانى راجى، كۆز ئەينەكلىك دادىسىنىڭ تەمبۇر چېلىپ ئوقۇغان شېئىرلىرىنىڭ تەسىرىدە، چوڭقۇر خىيالغا، يەنى خىيال ئالىمىنىڭ تېگىگە كىرىپ كېتىدۇ. ئۇ خىيالىدا ئۆزى بىر يىغىنغا قاتنىشىدۇ، ئۇ يىغىندا پەيغەمبەرلەر ۋە پەيلاسوپلارغا ئوخشاش يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەردىن تارتىپ تۆۋەن تەبىقىدىكى ھەممە ئادەم بار ئىدى. يىغىلىش باشلىنىش بىلەن تەڭ "ھەقىقىي سائادەت" نىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يۈرۈۋاتقان "بەشەرىيەت" ئىسىملىك بىر كىشى، يامغۇردەك كۆز

يېشى تۆكۈپ، پەرياد ئىچىدە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، سورۇندىكىلەرگە مۇنداق دەيدۇ: ”مەن ھاياتتىن تويۇپ كەتتىم، ئەمما ھايات بولمىسا تېخى بولمايدىكەن، مەن قانداق قىلاي، ھەقىقىي سائادەت نەدىدۇ؟ ماڭا ئېيتىپ بەرگەن بولساڭلار!“

يىغىندىكى كىشىلەردىن كۆڭزى ئورنىدىن تۇرۇپ: ”سائادەت ـ بىر قازان پولۇغا پۈتۈن لەززەتلەرنى سىغدۇرۇشتا.

ئەفلاتۇن ـ دائىمىي ئۈستۈنلۈك ئويلاشتۇر.

ئارىستوتىل ـ مەنتىق! ئەنە ئاشۇ سائادەت.

زوروئاستېر ـ قاراڭغۇدا قالماسلىق.

بىراھما ـ سائادەتمۇ؟ كىم نېمە گۇمان قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئەكسىدۇر! ـ سائادەت.

بۇددا ـ يوق بولۇشنىڭ گۈزەل ئىسمىلىرىدىن بىرىدۇر، ـ سائادەت. نىرۋانا... ئى ئىنسانىيەت، نىرۋانا، ـ نىرۋانا (يوق بولۇش) دۇر، سائادەت ـ دەيدۇ.“

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان بەشەرىيەتنىڭ زېھنى ئېلىشىپ:

ـ سىلەر ئۆزۈڭلەرگىمۇ پايدا ئېلىپ كېلەلمىدىڭلار، ھاياتىڭلار ئۆمۈر بويى سائادەتتىن مەھرۇم ئۆتتى. سۆزلىرىڭلارنىڭ ھېچ بىرىدە سائادەتتىن ئەسەر يوق. يا ئۆزۈڭلەر سائادەتمەن بولالمىدىڭلار ياكى سىلەرگە ئەگەشكەنلەرنى سائادەتمەن قىلالمىدىڭلار. ـ دەيدۇ.

ئاندىن پەيغەمبەرلەر، سائادەتكە ئېنىقلىما بېرىشكە باشلايدۇ ۋە ئاخىرىدا پۈتۈن پەيغەمبەرلەنىڭ

ئىمامى ۋە ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھسسالام "بەشەرىيەت"كە خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

ـ ئى بەشەرىيەت! سائادەت ـ ھايات ۋە ئۇ ھاياتلىقتا يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنى قوبۇل قىلىش، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئېغىرلىقىغا چىدامچانلىق كۆرسىتىپ رازىمەن بولۇش بىلەن بىرگە ئىسلاھ قىلىشقا غەيرەت كۆرسىتىشتىن ئىبارەت، ـ دەيدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن "بەشەرىيەت" سوئالىنىڭ جاۋابىنى تاپقاندەك بولۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـ ئى كائىناتنىڭ پەخرى، ئى ئالەملەرگە رەھمەت بولۇپ ئەۋەتىلگەن بۈيۈك پەيغەمبەر! بەشەرىيەتنىڭ دەردىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان بولدۇڭ ـ[15] دەيدۇ.

بۇنىڭ مەنىسى، جانابى ئاللاھنىڭ كائىنات ۋە كائىنات ئالىمىدىكى قانۇن ـ پىرىنسىپلىرىنى ئېتىرازسىز قوبۇل قىلىش ۋە بىھۇدىلىك قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنماسلىقتۇر.

بۇ ئىسلام دۇنيا قارىشىدىكى "رېئالىزم" نى يەنى ئەمەلىيەتچانلىقنى كۆرسىتىدۇ. ئىلاھىي پىرىنسىپقا ئاساسلانغان بىر نەرسىنى ئۆزگەرتىمەن دېيىش قەتئىي مۇمكىن بولمايدىغان بىھۇدە ئۇرۇنۇش بولۇپ، ئىنسانىيەتنى تولىمۇ مۇشەققەتلىك، ئەمما نەتىجىسىز بىر كۈرەش ئىچىدە بەختسىزلىككە ئېلىپ بېرىشتىن باشقا ئىشقا يارىمايدۇ.

15. "ئەماقى ھايال" سەبىل نەشرىياتى، ئىستانبۇل، 1993 ـ يىل، 97 ـ 101 ـ بەتلەر، ئاقچاغ نەشرىياتى، 2004 ـ يىل، ئەنقەرە، 106 ـ 111 ـ بەتلەر

## ھۆزۈرنىڭ دورىسى ــ رىزا ۋە غەيرەت

بىز ياشاۋاتقان بۇ ئۆتكۈنچى ھايات، ئىلاھىي ئىمتىھان ھېكمىتىگە بىنائەن، جانابى ئاللاھنىڭ بەزىدە "قاھھار" بەزىدە "لەتىف" سۈپەتلىرىنىڭ تەجەللىسىنىڭ نامايەندىسىگە سەھنە بولماقتا. ئەسلى مەرىپەت، ئىرادىمىزنى جانابى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئىستىقامىتىدە ئىشلىتىپ، "قاھھار" ۋە "لەتىف" سۈپەتلىرىنىڭ تەجەللىلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈشتۇر. ئەمىلىيەتتىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: "مۆمىنلەرنىڭ ھاياتى ئاجايىپ! ھەقىقەتەن ھەۋەس قىلىشقا ئەرزىيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئەھۋالى ئۇلار ئۈچۈن ياخشىلىق ۋەسىلىسىدۇر. بۇنداق بىر ئالاھىدىلىك پەقەت مۆمىنلەردە تېپىلىدۇ. مۆمىنلەر خۇشال بولسا، شۈكۈر قىلىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەگەر بىر بالايى قازاغا يولۇقسا، سەۋر قىلىدۇ؛ بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر."[16]

شۇنىڭ ئۈچۈن ياراتقۇچىمىزنىڭ قازا ۋە قەدەرىگە "رىزا" يەنى رازىمەن بولۇپ، قوبۇل قىلىش، بىز ئىنسانلارنىڭ بەخت ـ سائادىتىنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر.

16. مۇسلىم، زۇھد بابى، 64 ـ بەت

ئىككىنچىسى، بىزنى قورشىۋالغان ھايات شەرتلىرى قانچە ئېغىر بولسىمۇ، پۈتۈن غەيرىتىمىز بىلەن ئۇنى يېڭىكلىتىشكە ھەرىكەت قىلىشتۇر.

مانا بۇ، ھايات ۋە ھادىسىلەر ئىچىدە ئىنسان ئىرادىسى ۋە غەيرىتىگە مۇناسىۋەتلىك بەزى خۇسۇسلارنىڭ يەنى "قەدەرى مۇئەللەق" نىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنساننىڭ بۇ شەكىلدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، غەيرەت قىلىشى، ھەم ئۇ ئىنساننىڭ جۈزئى ئىرادە ئىگىسى بولغانلىقىنىڭ تەلىۋىدۇر. بولمىسا بۇ ھاياتلىقتا ھېچقانداق بىر سەلبىي ھادىسىلەرنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغانلىق پىكرىگە قانائەت ھاسىل قىلىش، ئىنسانلارنى ئۈمىدسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈككە ئېلىپ بارسا، ھۇرۇن ۋە بوشاڭلىق شۇنىڭدەك زۇلۇم-سىتەم ۋە پۈتۈن ئېغىرچىلىقلارنى تەقدىرى ئىلاھى دېگەندەك خاتا چۈشەنچىگە ئېلىپ بارىدۇ. يەنى "قانداق قىلاي، بۇ مېنىڭ تەقدىرىم"، دەيدىغان ئىرادىسىزلىكتەك تېرىكتاپلىق ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ئەگەر بۇنداق بولغاندا، ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىشتىن بېرى خاراكتېرىغا مۇجەسسەملەشكەن ئۆزگىچىلىكى (يەنى ئەقىل، ئىدراك، ئاڭ ۋە جۈزئىي ئىرادە دېگەندەك خۇسۇسىيەتلىرى)[17] نەزەرگە ئېلىنمىغان بولىدۇ، بەلكى بىھۇدە ئۆزگىچىلىكتىن باشقا ئىشقا يارىمايدىغان قابىلىيەتلەر بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن غەرب

17. تەرجىمە قىلغۇچىدىن

خەلقىنىڭ "تەقدىرچىلىك"[18] دېگىنىمۇ تەقدىرنى خاتا چۈشىنىشتىن كېلىپ چىققان نەزەرىيەدىن ئىبارەت.

چۈنكى ئىسلامدا تەقدىرنىڭ مۇتلەق قىسمى بولغىنىدەك، "مۇئەللەق" قىسمىمۇ مەۋجۇت. "قەدەرى مۇئەللەق" ئىنسان ئىرادىسىنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ شەكىللىنىدۇ. يەنى بەزى ئىشلار بەندىنىڭ تىلىكى نەتىجىسىدە يارىتىلىدۇ. بولمىسا، "ئامەنتۇ" (ئىشەندىم) ئاساسلىرىدىن بىرى بولغان «خيره و شره من الله تعالى» (يەنى ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئاللاھتائالادىندۇر) دېگەن ئىپادە، ھەممە نەرسە ئەسلا ئۆزگەرمەيدىغان شەكىلدە ئاللاھ بەلگىلىۋاتقان دېگەن مەنىدە ئەمەس، بەلكى ھەر ئىش ۋە ھادىسىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدە ئاللاھنىڭ ئىرادىسىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىلمى ۋە ئىرادىسى بولماي، ھېچ بىر نەرسىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

"قەدەرى مۇتلەق" دېگىنىمىزدە، تۇغۇلۇش، ئۆلۈش، قىز-ئوغۇللۇق، ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى دېگەندەك ئىشلار مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇ ئىشلاردا ئاللاھنىڭ ئىرادىسى باشتا، بەندىنىڭ پائالىيىتى كېيىن بولغانلىقى ئۈچۈن سەۋەب ياكى باشقا بىر ئامىل بىلەن ئۆزگەرتىش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىشلار سەۋەبلىك بەندىگە ئاخىرەتتە مۇكاپات ياكى جازا بېرىلمەيدۇ. لېكىن

18. تەقدىرچىلىك ـ دۇنيا ۋە كائىناتتىكى بارلىق ھەرىكەتلەرنىڭ ئالدىن بېكىتىلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان پەلسەپە ئوقۇمى

بەندىنىڭ ئاخىرەتتە جاۋابكار بولۇشىدا بەلگىلىك رول ئوينايدۇ.

بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە جانابى ئاللاھ ئىنسان ۋە جىنلارنى جۇزئى ئىرادىگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارغا بەزى خۇسۇسلاردا مۇئەييەن بىر ھەرىكەت ئەركىنلىكى ئاتا قىلغان. بۇ ئەھۋال "قەدەرى مۇئەللەق" بولغان ئىشلاردا بەندىنىڭ تاللاش ئەركىنلىكى بارلىقىنى، ئەمما ئاللاھنىڭ رۇخستى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بەندە بۇ تۈر ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن مەسئۇل بولىدۇ، ياخشى، يامان قىلمىشلىرى سەۋەبلىك جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزلىرىدە يامان ۋە سەلبىي ئىشلارنىڭ ئىسلاھى يولىدا غەيرەت قىلىشنى بۇيرىغان.

بۇ مەسىلىنى شۇ بىر مىسال ئارقىلىق ئىزاھلاشقا بولىدۇ:

بىر دادا بالىسىنى بىر ئويۇنچۇق دۇكىنىغا ئاپىرىپ، ئۇنىڭغا:

ـ بالام! بۇ دۇكاندىن سەن ياقتۇرغان ۋە خالىغان ئويۇنچۇقنى ئالساڭ بولىدۇ، لېكىن بۇ خىل ئويۇنچۇقلارنى ئالساڭ ساڭا پايدىلىق، بۇ خىل ئويۇنچۇقلار زىيانلىق دەپ ئالدىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇپ، ئاندىن ئۇنى دۇكانغا ئەركىن قويۇۋەتسە، بالا دادىسىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا قۇلاق سالماي، زىيانلىق ئويۇنچۇقنى تاللاپ ئالسا، دادا بولغۇچى خالىسا بالىنىڭ تاللىغان ئويۇنچۇقىنىڭ پۇلىنى تۆلىمەي، ئۇنىڭ ئىرادىسىنى نەتىجىسىز قالدۇرالايدۇ،

خالىسا پۈلىنى تۆلەپ، بالام سېنى باشتا ئاگاھلاندۇرغان ئىدىم، بۇنىڭغا قارىماي سەن زىيانلىق ئويۇنچۇقنى تاللىغان بولساڭ مەيلى، ئەمما بۇنىڭ زىيىنىنى تارتىسەن، دېيەلەيدۇ.

بۇ دۇنيا مەزكۇر مىسالدىكى ئويۇنچۇق دۇكىنىغا ئوخشايدۇ. بىز ئىنسانلار ئۇ كىچىك بالىغا ئوخشايمىز. جانابى ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىپ ۋە كىتابلار نازىل قىلىپ، مەرھەمەت كۆرسەتكەنلىكى، ئۇ شەپقەتلىك ۋە كۆيۈمچان دادىنىڭ ئاگاھلاندۇرىشىغا ئوخشايدۇ. كۈللىي ئىرادە ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن بەندىلىرىنىڭ ئىشىغا ”خالىق“ سۈپىتى بىلەن داخىل بولۇپ (ئارىلىشىپ) ئۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ بەرگەنلىكى، دادىلىق سۈپىتى بىلەن بالىسىنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، بالىسى تاللىغان ئويۇنچۇقنىڭ پۈلنى تۆلەپ، بالىسىنىڭ ئارزۇسىنى ئورۇنلاپ بەرگەنلىكىگە ئوخشايدۇ. شۇنىڭدەك، بىز ئارزۇ قىلىپ ۋە سەۋەب دائىرىسى ئىچىدە تىرىشىپمۇ نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن ئىشلارغا نىسبەتەن بولغان ئەھۋالىمىزمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

پۈتۈن بۇ ئەھۋاللار يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ ئىمتىھان ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن بەندىنىڭ ۋەزىپىسى، ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى جانابى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە تاپشۇرۇپ، پۈتۈن ئارزۇ ۋە نىيىتىنى ئاللاھ رازىلىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە غەيرەت قىلىشىدۇر. چۈنكى قۇرئاندا:

«سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر؛ سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) ئاللاھ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر»[19] دېگەن بۇ ئايەت مەزكۇر نوقتىنى غايەت روشەن يورۇتۇپ بېرىدۇ.

19. سۈرە بەقەرە، 216ـ ئايەت

# چۈمۈلە ئەقلى

فىلەبەلى ئەھمەد ھىلمىنىڭ ”چوڭقۇر خىيال“ ناملىق ئەسىرىدە، ئىنسان ئەقلىنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىگە دائىر يەنە مۇنداق بىر ھېكايە بار: يۇقىرىدا خۇلاسىسى نەقىل قىلىنغان ھېكايىنىڭ داۋامىدا، راجى ئۈزۈندىن بىرى كۆرۈشەلمىگەن كۆز ئەينەكلىك دادىنىڭ زىيارىتىگە بارىدۇ.

كۆز ئەينەكلىك دادا بىردەملىك سۆھبەتتىن كېيىن، ئادىتى بويىچە راجىغا بىر ئىستاكان قەھۋە بېرىپ، مۈگدۈلۈق قىلىپ نەي چېلىشقا باشلايدۇ. راجى بۇ مۈگدۈلۈق نەينى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ يەنە خىيال ئالەمىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا چۆكۈپ، بىر چۈش كۆرىدۇ. (دېمىسىمۇ بۇ دۇنيا ھاياتىمۇ، خۇددى بىر دەملىك چۈشتىن ئىبارەت).

راجى چۈشىدە، بىر چۈمۈلە پادىشاھىنىڭ شاھزادىسى ئىمىش، جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىسى بىر كۈنى ئۇنى پىراكتىكا قىلدۇرۇش ئۈچۈن باشقا ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرگە بىر تۈزلەڭلىككە ئېلىپ چىققانىمىش. ئۇ كۈنى ھاۋا ئوچۇق ۋە تولىمۇ قايىنام ئىكەن. مۇئەللىم راجىغا بۇ تەرەپتە مۇنۇ تاغ بار، بۇ يەردە مۇنۇ دەريا بار، دەپ دەرس چۈشەندۈرۈۋاتقان بىر پەيتتە، ئۇشتۇمتۇت ھاۋا گۈلدۈرلەپ قاتتىق يامغۇر يېغىپ، پۈتۈن چۈمۈلىلەرنى

سەل ئېقتىپ كەتكەنمىش. راجى (ئىنسان ئېڭى بويىچە هادىسلەرنى مۇلاھىزە قىلىپ) قارىسا، چۆمۆلىلەرنىڭ گۆلدۈرماما دەپ قالغان شىددەتلىك ئاۋاز ئەسلىدە يېقىن ئەتراپقا باغلاپ قويغان ئىككى ئايغىر ئاتنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى، شىددەتلىك يامغۇر بولسا، ئۇلارنىڭ كىچىك تەرىتى ئىكەن.

بۇ پالاكەت سەل ئاپىتىدىن قۇتۇلۇپ قالغان چۆمۆلىلەر ئوقۇتقۇچى بىلەن بىرگە مەكتەپكە قايتىپتۇ. ھەممىسى بۇنداق ئوچۇق ھاۋا ۋە قاتتىق ئىسسىقتا قانداق بولۇپ گۆلدۈرمامىلىق يامغۇر يېغىپ كەتكەنلىكىنىڭ ھەيرانلىقىدا، چۆمۆلە ئەقلى بويىچە غايەت ئىلمىي ۋە مەنتىققە ئۇيغۇن مۇلاھىزىلەردە بولۇپتۇ. ئەمما بۇلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ رېئاللىق بىلەن بىر ئالاقىسى يوق.

راجى ئىنسانىي ئەقلى بىلەن مەسىلىنى مۇلاھىزە قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن چۆمۆلىلەرگە ئۆزىنىڭ كۆرگەنلىرىنى قانچە چۈشەندۈرسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھېچ بىرىنىڭ ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئۇ چۆمۆلىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتىن يىراق پاراڭلىرىغا سەۋرچانلىق بىلەن قۇلاق سېلىۋاتقان بىر پەيتتە، توساتتىنلا ھېلىقى ئايغىرلارنىڭ تەرەت قىلىۋاتقان ھالى كۆز ئالدىغا كېلىدۇ ـ دە، كۈلۈپ كېتىپ، خىيال ئالمىدىن ئويغىنىپ قارىسا، كۆز ئەينەكلىك دادىمۇ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا نەي مۇڭىغا قوشۇپ مونۇ شېئىرنى ئوقۇۋېتىپتۇ:

قۇياش يانىدۇ، ئالەم چۆگىلەيدۇ،
بىر كۈن كېلىدۇ، ھەممىسى ئۆچىدۇ.
ئى ئىلىم ۋە ھۈنەر ئىگىسى،
بىلەمسەن سەۋەبى كىم؟[20]

بۇ ھېكايىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، كائىناتتىكى ھەقىقەتلەرنىڭ ماھىيىتىگە ۋاقىپ بولۇشتا، ئىنسانلارنىڭ ئەقلىمۇ، ئوخشاشلا ئۇ چۈمۈلىلەرنىڭ ئەقلىدىن پەرقلەنمەيدۇ. شۇنىڭدەك ۋەھيىنىڭ نۇرى بىلەن يورۇقلۇققا چىققان ھەقىقەتلەردىن ۋە ۋەھيىنىڭ رەھبەرلىكىدىن مەھرۇم ئىنسانلارنىڭ ئەقلىنىڭ، كائىناتتىكى ئىلاھىي قۇدرەت نامايەندىلىرىنى ئىدراك قىلىشى، خۇددى ئۇ چۈمۈلىلەرنىڭ ھادىسىلەرنى ئىدراك قىلىش سەۋىيەسىدىن پەرقلەنمەيدۇ.

بۇ يەردە شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، چۈش جانابى ئاللاھنىڭ ئىنسانىيەتكە ياغدۇرغان رەھمەت ۋە ئېھسانىنىڭ ئالاھىدە كۆرۈنۈشلىرىدىن بىرى. چۈنكى ھاياتنىڭ مېتافىزىك ھەقىقەتلىرىگە زېھنىي جەھەتتىن ۋاقىپ بولۇشتا، چۈشنىڭ رولىنى سەل قارىغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، بۇ ھاياتتا رويابقا چىقىش ئىمكانىيىتى بولمىغان نۇرغۇن ئارزۇ-تىلەك ۋە ھادىسىلەر چۈش ئالەمىدە ئەمەلىيلىشىدۇ. بۇ بىزگە ئاخىرەت ئالەمى ۋە ئۇ ئالەمدە يۈز بېرىدىغان ھادىسىلەرنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشىنىشتە ۋاسىتىلىك رول ئوينايدۇ.

---

20. ”ئەماقۇل خىيال“ سەبىل نەشرىياتى، 103 ـ 117 ـ بەتلەر، ئىستانبۇل

پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ماڭغان زاتلارنىڭ سىرتىدا، ئىنسانلارغا قۇتۇلۇش يولىنى كۆرستىش ۋە ئۇلارغا نەمۇنە شەكىلدە بىرەر رەھبەر بولۇش يولىدىكى بارلىق شەخسلەرنىڭ، بولۇپمۇ ھەر نەرسىنى ئۆز ئەقلى بىلەن ئىزاھلاشقا ئۇرۇنىدىغان پەيلاسوپلارنىڭ ئەقلىنى، مەزكۇر چۇمۇله ھېكايىسىدىكى "چۇمۇله ئەقلى"دىن پەرقلەندۇرگىلى بولمايدۇ.

پەيغەمبەرلەر ئىلاھىي ۋەھيىگە تايانغانلىقى ئۈچۈن بىر-بىرىنى تەستىقلايدىغان ھىدايەت رەھبەرلىرىدۇر. لېكىن پەيلاسوپلار ئىلاھىي ۋەھيىدىن خالى ۋە مەنىۋىي تەربىيە كۆرمىگەن، نەپسانىيىتىنىڭ كونتروللىقىدىكى كەم ئەقلى بىلەن تەپەككۇر قىلغانلىقى ئۈچۈن، بىرلىرى ئوتتۇرىغا قويغان پىرىنسىپلارنى يەنە بىرلىرى ئىنكار قىلىشتەك ئۆمۈر ئىسراپچىلىقى بىلەن زىيان تارتىدۇ.

ئەيتاۋۇر، پەلسەپىۋى گىرداپلار بىلەن ئۇزۇن يىللىق ھايات كەچۈرگەندىن كېيىن، ئەقلىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى چۈشىنىپ يېتىپ، "مىستىتىزم"غا كىرىپ كەتكەن پاسكال دەيدۇكى:

"پەلسەپە داۋاملىق نىسپىي ۋە سۇبيېكتىپ قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، مەسىلەن، "پىرەنە" تاغلىرىنىڭ بۇ تەرىپىدە ھەقىقەت دەپ تونۇلغان شەيئىلەر، ئادەتتە تاغنىڭ قارشى تەرىپىدە خاتا دەپ قارىلىدۇ. ئىككى چېگرا ئوتتۇرىسىدا ئاقىدىغان دەريانىڭ بۇ تەرىپىدە ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرگە جىنايەتچى، قاتىل دېيىلسە، قارشى تەرىپىدە باتۇر ۋە قەھرىمان دېگەن نام بېرىلىدۇ."

## كىمنى ئىزدەش كېرەك؟

پەلسەپىۋى پىكىر مەھسۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى خاتا دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى پەيلاسوپلارمۇ، ھايات ۋە كائىناتنى توغرا كۆزىتىش ۋە ئۇنىڭ ھەققىدە ئىجابىي تەپەككۇر قىلىش ئۆلچىمىگە قاراپ بەزى توغرا قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ.

مەسىلەن، يېڭى ئەسىر پەلسەپىسى ۋە راتسىئونالزىمنىڭ ئاتىسى دەپ ئاتالغان ماتېماتىكچى پەيلاسوپ دېسكارتىس (1594 ـ 1650) مەۋجۇتلۇق دەلىلىنى چىقىش قىلىپ، ئەقىل يۈرگۈزگەن ۋە نەتىجىدە ھەقىقەتنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى ئىلاھىي ۋەھىي ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئۆزىنىڭ "مېتافىزىك قاراشلار" دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: "ئاللاھ مۇكەممەل ۋە نۇقسانسىز، ئازمايدىغان ياكى ئازدۇرۇلمايدىغان بىر زاتتۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن ئۇنىڭ ئىلمىمۇ، كەم ـ زىيادىسىز توغرا ۋە مۇكەممەلدۇر. ئاللاھ مۇكەممەل بولغانلىقى ئۈچۈن ئازمايدۇ. ئازمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئىلمىمۇ توغرا، ئازدۇرۇلمايدىغانلىقى ئۈچۈن بىلدۈرگەنلىرىمۇ تۇغرىدۇر. ئۇ كائىناتنى مەن ياراتتىم دېگەن بولسا، بۇ توغرىدۇر. ئۇنداق بولغاندا توغرا ۋە ھەقىقىي مەلۇماتنىڭ مەنبەسى ئاللاھنىڭ توغرا بىلىمىدۇر"

"پاسكال"مۇ ئوخشاش قاراشتا بولۇپ، مەزكۇر پىكرىنى كۆچلەندۈرگەن ئاساستا مۇنداق دەيدۇ: "مەۋجۇداتلارنىڭ قۇرۇلما ماھىيىتىدە بىزگە ئۆلۈمسىز ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرىدىغان بىر سادا باردۇركى، بۇ بىزدە تەجەللى قىلغان ئاللاھنىڭ ئىرشاد سادادۇر."

ئاللاھنىڭ بارلىقىنى قوبۇل قىلىش ئەقلىي زۆرۈرىيەت ئىكەنلىك پىكرىگە كەلگەن دېكارتىس، سپىنوزا، پاسكال، كانت ۋە ئۇلارغا ئوخشاش پەيلاسوپلارمۇ ئىنسانلار تەرىپىدىن بۇرمىلانغان باتىل دىنىنىڭ پىرىنسىپلىرى بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ھەق دىن ئىسلامنىڭ پىرىنسىپلىرىنى لايىقىدا تونۇپ يېتەلمىگەن. قانداقتۇر دىنغا ھۆرمەت قىلىدىغان ھېچ بىر پەيلاسوپنىڭ، ئىككى دۇنيا سائادىتىنىڭ ئاساسلىق پىرىنسىپى بولغان "تەۋھىد" بىلەن ئۇچرىشىپ، شەرەپ مېدالى تاقىغانلىقىنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. ئۇلار بۈيۈك شائىر نەجىب فازىلنىڭ تەبىرى بويىچە: "ئىسلام پورتىغا يېقىنلىشىپ، كېمىگە چىقىشقا بىر قەدەم قالغاندا، ئاخىرقى كېمىنى قاچۇرۇپ قويغان ئادەمگە ئوخشايدۇ."[21]

ئىنساننى ئەبەدىي نىجاتلىق ئىشكى ئالدىغىچە ئەكىلىپ، ئاندىن بۇسۇغىدىن قەدەم ئالغىلى قويمىغان ئەقىل ۋە پەلسەپىنىڭ نېمە كېرىكى؟..

---

21. . نەجىپ فازىل، "غەرب تەپەككۇرى ۋە ئىسلام تەسەۋۋۇپى" 51-بەت، بۈيۈك شەرق نەشرىياتى، ئىستانبۇل، 2012-يىل

يەنە نەجىپ فازىل ئۆتتۇرىغا قويغان مونۇ سۆزمۇ ئىنتايىن مەنىلىك: ”پەلسەپە ئەقىل ئۆزىنىڭ ھۆكۈمدارلىقىنى كۆرستىش ئۈچۈن قۇرغان بىر مۇئەسسەسە... غايىسى توغرىنى تېپىش ئەمەس، خاتانى تۈزىتىشتۇر... پەلسەپىدە، ھەر ئەقىل باشقىسىنىڭ خاتالىقىنى كۆرستىش بىلەن توغرا گەپ قىلىدۇ.“[22]

شۇ سەۋەبلىك دىندار پەلسەپىچىلەرنىڭ قاراشلىرىمۇ، ئاتېئىست ۋە ماتېرىيالىست پەلسەپىچىلەرنىڭ زەھەرلىك ئىنكارچىلىقىغا قارشى زەھەر قايتۇرغۇچى ماھىيىتىدە رول ئوينايدۇ. شۇڭا پەلسەپىنى ئومۇمىيۈزلۈك پايدىسىز دېيىشكە بولمايدۇ. قانداقتۇ بەزى سەلبىي چۈشەنچە نەتىجىسىدە، ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن كەلتۈرۈلگەن دەلىللەرگە قارشى ئەقىل ۋە قەلبىنى قولۇپلىۋالغان بىر قىسىم دىن دۈشمەنلىرىنىڭ، يەنە پەلسەپىۋى يەكۈن ۋە دەلىللەر بىلەن ئېغىزلىرى تۇۋاقلىنىپ قالغانلىقى مەلۇمدۇر.

شۇڭا، بەدىئۈززامان ھەزرەتلىرى قۇرئانغا ئۇيغۇن پەلسەپىۋى تەپەككۇر مەھسۇللىرىنى رەت قىلىشنىڭ كېرىكى يوقلىقىنى ۋە بۇ توغرىدا ھەق بىلەن باتىلنى بىر-بىرىدىن ئايرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ:

”... بىز شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، كاچاتلاۋاتقان پەلسەپە مۇتلەق زىيانلىق ئەمەس،

22. نەجىپ فازىل، ”غەرب تەپەككۇرى ۋە ئىسلام تەسەۋۋۇپى“ 14-بەت

بەلكى بىزنىڭ كاچىتىمىز ئۇنىڭ بىر قىسىم زىيانلىق قىسمىغا قارىتىلغان. چۈنكى پەلسەپىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتا ئىنسانىي كامالەتكە، ئەخلاقتا ۋە گۈزەل سەنئەتكە خىزمەت قىلىدىغان ۋە ھېكمەتكە تەئەللۇق تەرەپلىرى قۇرئانغا زىت ئەمەس، بەلكى قۇرئان كەرىمنىڭ ھېكمىتىگە خىزمەت قىلىدۇ.

بىز قەلەمگە ئالغان ئەسەرلەر، كۈچلۈك دەلىل ۋە ئىنچىكە مۇۋازىنەتلەر بىلەن پەلسەپىنىڭ يولدىن چىققان، يەنى دىندىن چەتنەپ، گۇناھ پاتقىقىغا باشلايدىغان، كەيپ ـ ساپا، نەغمە ـ ناۋا ۋە زالالەتكە تاشلايدىغان، شۇنىڭدەك سېھىرلىك ئاجايىباتلىرى بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىك ھەقىقەتلىرىگە قارشى كېلىدىغان قىسمىنى كاچاتلايدۇ، توغرا ۋە پايدىلىق پەلسەپىگە ئارىلاشمايدۇ.“[23]

پەلسەپىنىڭ روھسىز، غۇۋا ھەقىقەتلىرى قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرلۇق ۋە پارلاق ھەقىقەتلىرى بىلەن ئەسلا بەسلىشەلمەيدۇ.“[24]

باشقىچە يەنى ئەھلى سۈننەت ئەقىدىسى بويىچە ئېيتساق، ئەقلىنىڭ كۈچى پەقەتلا ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ئىدراك قىلىشقا يېتىدۇ. تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ كىرىش ئۈچۈن يەنى ئاللاھنىڭ زاتى ۋە ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى

23. بەدىئۇززامان، ”ئاسايى مۇسا“ 4 ـ بەت، ئوسمان يالچىن مەتبەئەسى، ئىستانبۇل، 1958
24. بەدىئۇززامان، ”سۆزلەر“ 351 ـ بەت، ئەنۋەر نەشرىياتى، ئىستانبۇل، 1995

چۈشىنىش، ئۇنىڭ ئەيىب-نۇقسانلاردىن پاك، پۈتۈن گۈزەل، پاك سۈپەتلەرگە لايىق شۇنىڭدەك ئىدراكتىن تاشقىرى مۇكەممەللىكتە بولغان ئاللاھ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش ۋە يەنە ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا بەخشەتكەن پۈتكۈل ھەقىقەتلەرگە ئېرىشىش توغرىسىدا ئەقلىنىڭ يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

قانداقكى، سەزگۈر ئەزالىرىمىز بىلەن ئېرىشەلمىگەن بەزى ھەقىقەتلەرگە ئەقلىي كۈچىمىز بىلەن ئېرىشەلىگىنىمىزدەك، ئەقلىي كۈچىمىز بىلەن ئېرىشەلمىگەن ھەقىقەتلەرگە پەيغەمبەرلەر ۋاستىسى بىلەن ئېرىشەلەيمىز.

بۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك ئىمام رەببانى مۇنداق دەيدۇ: "نېمەتكە شۈكۈر قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئەقىل قوبۇل قىلىدۇ. ئەمما بۇ شۈكۈرنى قانداق ئادا قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى پەقەتلا پەيغەمبەرلەر ئۆگىتىدۇ. ئاللاھ تەرىپىدىن تەلىم بېرىلمىگەن ھەر قانداق ھۆرمەت ۋە شۈكۈر ئىپادىلىرى ئاللاھتائالا ھۇزۇرىدا قوبۇل قىلىنمايدۇ. نۇرغۇن ئادەملەر ئاللاھنى ئۇلۇغلايمەن دەپ، بەزى سۆزلەرنى قىلىپ تاشلايدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ئاللاھنى ئۇلۇغلاش ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ شەنىگە لايىق بولمىغان سۆزلەر بولۇپ، خاتالىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشنىڭ توغرا يولى ۋەھيي نۇرى بىلەن يورۇتىلىدۇ." [25]

---

25. ئىمام راببانى، "مەكتۇبات، 3-توم، 23-مەكتۇب

دېمەككى، ئەقىل ۋەھيىنىڭ ياردىمىگە مۇتلەق موھتاجدۇر. بۇ ئىلاھىي ياردەم بولماي تۇرۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئىدراكى كامالەت تاپالمايدۇ، زىتلىقلارغا تاقىشىپ، خاتالىقلاردىن قۇتۇلالمايدۇ.

شۇڭا دىنىنى ئىنكار قىلىدىغان ئاتېئىست ۋە ماتېرىيالىست پەلسەپىچىلەرنىڭ قارىشىدىن سىرت، يەنە ئىلاھىياتچى پەلسەپىچىلەرنىڭ پىكرى قاراشلىرىنىمۇ ئىسلامىي پرىنسىپ ئاساسىدا تاسقاپ، توغرىنىڭ خاتادىن ئايرىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

بۇ سەۋەپتىن ھەق دىندىن نېسىبىنى ئالالمىغان ھەر قانداق بىر پەلسەپە، ئىنسانغا ھەقىقەتنى تونۇتالمايدۇ. مۇتلەق ۋە مەڭگۈلۈك ئىمانىي ھەقىقەتلەر پەقەت ئىلاھىي ۋەھيي ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەرلەر قەتئىي ئۆزىنىڭ شەخسىي خاھىشى، ھاۋايى ھەۋىسى بىلەن سۆزلىمەيدۇ. ئۇلارنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرى ئاللاھتائالانىڭ بەلگىلىملىرى دائىرىسى ئىچىدە بولىدۇ. لېكىن پەيلاسوپلارنىڭ سۆز-ھەرىكىتى پەقەت ئۇلار ئۆزلىرى توغرا دەپ قارىغان ئېھتىماللىقلارغا تايىنىدۇ. يەنى ”مەنچە بولسا مۇنداق“ دېگەندەك شەخسىي ۋە ئېھتىماللىق ھۆكمىگە ئاساسلىنىدۇ.

# ئەمەلىي ئۆلچەم ئېھتىياجى

ئىنسانىيەت تارىخىدا ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان قاراشلىرىنى ھاياتىغا تەتبىقلاپ، سائادەتكە ئېرىشكەن بىر جەمئىيەت بارلىققا كەلتۈرگەن بىر پەيلاسوپنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلەر، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىمكانىيىتى يوق، قۇرۇق نەزەرىيە ۋە كىتابخانىلاردا توپا بېسىپ كەتكەن كىتابلارنىڭ بەتلىرىگە مەھكۇم بولۇپ قالغان. ھاياتقا تەتبىقلانغان تەقدىردە، يەر يۈزىنى قانغا بوياپ، كۆزلەردىن ياش ئورنىغا قان ئاققۇزۇشتىن باشقا ئىشقا يارىماي، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تارىخنىڭ ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىنىپ قالغان.

مەسىلەن، ئارىستوتىل ئەخلاق پەلسەپىسگە مۇناسىۋەتلىك بىر يۈرۈش قانۇن ۋە قائىدىلەرنىڭ ئاساسىنى سالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ پەلسەپىسگە ئىشىنىپ، ھاياتىغا تەتبىقلاپ، بەختكە ئېرىشكەن بىرمۇ كىشىنى كۆرگىلى بولمايدۇ.

ئەفلاتۇننىڭ ”جۇمھۇرىيەت“ ناملىق دۆلەت چۈشەنچىسىمۇ، رېئاللىقتىن خالى بولۇپ، ئۇنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتەلمىگەن.

ئىسلام ئالىمىدە يېتىشكەن بولسىمۇ، يەنىلا پەلسەپىگە مايىللىقى بېسىپ چۈشكەن فارابىنىڭ خىيالىدىكى سىمۋوللاشقان "غايىۋى دۆلەت" كە مۇناسىۋەتلىك پىكىر ۋە قاراشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «المدينة الفضيلة» (پەزىلەتلىك شەھەر) ناملىق مۇھىم ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىرىنسىپلارمۇ هازىرغىچە ئەمەلىيلەشكىنى يوق. چۈنكى بۇ قاراشلار ھاياتتا تەتبىقلىنىپ، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكەندىن كېيىن قەلەمگە ئېلىنغان پىرىنسىپلار بولمىغانلىقى ئۈچۈن كېيىنمۇ ئۇنى ئىجرا قىلغىلى بولىدىغان شەكىلدە جەمئىيەتكە تەتبىقلىغىلى بولمايدۇ.

بۇنىڭ غەرب ئەللىرىدىكى ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئۆرنىكى فېرىدرىخ نېتزىنىڭ "Super human" (دەرىجىدىن تاشقىرى ئادەم) تەسەۋۋۇرىدۇر. لېكىن ئۇنىڭ بۇ تەسەۋۋۇرى يەنىلا ھاياتقا تەتبىقلاش ئىمكانىدىن مەھرۇم بىر قۇرۇق نەزەرىيەدىن باشقا ئىشقا يارىمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى ئۈلگىلىك، نەمۇنە شەخسلەرنى رېئال ئالەمدە ئەمەس، پەقەت خىيال ئالىمىدە تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولاتتى.

ھالبۇكى، ئىسلام دىنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆرنەك ھاياتىغا ئوخشاش ئەمەلىي ئۆلچەم ۋە ئەخلاق مۇكەممەللىكىگە ئىگە ئىدېئال بىر سىستېمىدۇر. ھەق- باتىل، توغرا-خاتا، ياخشى-يامان دېگەندەك سۈپەتلەر ئادەتتە تاۋار باھا قەغىزىگە ئوخشايدۇ. بۇنى ئۆزىڭىز خالىسىڭىز ئۆزگەرتەلەيسىز، لېكىن ئۇنى ئۆزگەرتكەن بىلەن ئەمەلىي جەھەتتىن تەتبىقلانمىسا، خاتا ۋەزىيەت

ياكى خاتا پوزىتسىيە يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى ھەر ۋاقىت مەۋجۇتتۇر.

ھالبۇكى ئاللاھتائالا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىر جەمئىيەتتە ئەڭ ئاجىز، يېتىملىك ھالەتتىن، پەيغەمبەر، دۆلەت رەئىسى، ئەسكىرى قۇماندانلىقتەك ئەڭ شەرەپلىك، ئەڭ ئالىي ۋە ئەڭ يۈكسەك ماقام ۋە مەرتىبىلەرگە ئىگە قىلىپ، ھاياتىدا قىلغان پۈتۈن ئىش ـ ھەرىكىتى، ئەخلاق ـ پەزىلىتى ۋە گەپ ـ سۆزىنى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەمەلىي ئۆلچەم، يەنى ئەخلاق ئۆلچىمى ۋە ھايات دەستۇرى قىلىپ كۆرسەتكەن.

جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتىدا، جەمئىيەتنىڭ تەقەززاسى، ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە ئەگىشىپ، تەدرىجىي ھالدا نازىل قىلغان. نازىل بولغان ھەر بىر ئايەت ھەممىگە ئۈلگىلىك ۋە نەمۇنە بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمەلىي ھاياتىدا تەتبىق قىلىنىپ، ئۈممەتكە جانلىق شەكىلدە تەقدىم قىلىنغان.

قۇرئان كەرىم نازىل بولغان كۈندىن باشلاپ كۈنىمىزگىچە قانداق ساقلىنىپ كەلگەن بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىمۇ ئوخشاشلا ساقلىنىپ، ئۈممەتكە ھايات پىرىنسىپى ۋە ئەخلاق ئۆلچىمى بولۇپ كەلگەن. نېتزى (Nietzsche) نىڭ خىيال تەسەۋۋۇرىنىڭ ئەمەلىي ئۆرنەكلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ”دەرىجىدىن تاشقىرى ئادەم“ قارىشى، قۇرۇق

نەزەرىيە بولۇپ، تاشلىنىپ قالغان. ئىنسان ئەقلىنىڭ مەھسۇلى، جۈملىدىن ئىنسانىي ئەخلاق پىرىنسىپى، تەتبىقات جەھەتتە، ئىسلام ئوتتۇرىغا قويغان پىرىنسىپ، ۋە ئەخلاق ئۆلچىمىدىن مۇكەممەل ئەمەس.

پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ماڭغان بارلىق تەقۋادار، ئالىم، ئارىپ زاتلارنىڭ ئۆرنەك ھاياتى جەمئىيەتتە ئومۇملاشقان زامانلاردا، ئەڭ ئىچىدە خاتىرجەملىك قانات يايغان. چۈنكى جانابى ئاللاھ پۈتۈن ئىنسانىي سۆز-ھەرىكەتلەرنىڭ مۇكەممەللىكى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىپ ئەۋەتكەن. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ”سىلەرگە - ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە - رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر» [26]

ئەينى ۋاقىتتا، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئىنسانلار جاھالىتى، ئاشقۇنلۇقى ۋە زۇلمى سەۋەبلىك ئەخلاقى-پەزىلەت سەۋىيەسى ھىندى ئوكيانىنىڭ تېگىگە چۈشۈپ كەتكەن دەرىجىدىكى بىر جەمئىيەت ئىدى، ئاللاھ رەسۇلى پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەندىن كېيىن ئۇلار ئۇ زاتنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، نەمۇنىلىك ھاياتىدىن دەرس ئېلىپ، ئەخلاق-پەزىلەت، مېھرى-مۇھەببەت، ھەق-ئادالەتتە دۇنيا ئىنسانلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە كۆتۈرۈلدى.

---

26. سۈرە ئەھزاب، 21-ئايەت

ئىسلام قانۇنى (فىقھى) ساھەسىدە ئەڭ مۇھىم شەخسلەردىن بىرى بولغان، شەھابەددىن كارافىنىڭ شۇ سۆزى، بۇ ھەقىقەتنىڭ ئەڭ جانلىق مىسالى بولالايدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ھېچقانداق بىر مۆجىزىسى بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇ تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن ساھابى كىراملار، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتىپ ئاشىدۇ."

چۈنكى ئۇلار ئۆز پەيغەمبىرىدىن ئالغان تەربىيەنىڭ تەسىرىدە، شۇ دەۋردىكى جەمئىيەت ئىنسانلىرىنىڭ پەزىلەت ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇز بولدى. ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ماڭغان كېيىنكى مۇسۇلمان ئەۋلادلارمۇ، ئىنسانىيەت ھېلىھەم ھەۋەسلىنىپ كېلىۋاتقان، تەنتەنىلىك بىر ئىسلام مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

فرانسىيەلىك تارىخچى ۋە مۇتەپەككۇر "La martin" پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ داۋاسى توغرىسىدىكى مۇۋەپپەقىيىتى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇ زاتنىڭ ئاجايىپ تالانتقا ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ: "ئەگەر غايىنىڭ بۈيۈكلىكى، ۋاستىلارنىڭ كىچىكلىكى ۋە نەتىجىنىڭ كاتتىلىقى ئىنسانلارنىڭ تالانت ۋە قابىلىيىتىنىڭ ئۈچ ئۆلچىمى بولىدىغان بولسا، ھازىرقى زامان تارىخىنىڭ ئەڭ كاتتا، ئاتاقلىق شەخسلىرىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن قىياس قىلىشقا كىم جۈرئەت قىلالايدۇ؟

ئۇ شەخسلەرنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرى مەسىلەن، زور ھەربى قوشۇن تەشكىللىدى، قانۇنلار چىقاردى،

ھەتتا ئىمپىراتورلۇقلارمۇ قۇردى، ئەمما بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، رىۋايەتكە ئايلىنىپ، ئەمەلىيەتتە بىر ئىزناسى قالمىدى. قالدى دېيىلسە، بىر قانچە كىچىك دۆلەت ياكى شەھەرلەر بولۇشى مۇمكىن!

ھالبۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەربى قۇشۇنلارنى يېڭىپ، قانۇن سىستېمىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قەۋم ۋە مىللەت ئۇقۇمىنى ئۈممەتكە ئايلاندۇرۇپ، بىر قانچە ئىمپېراتورلۇقلارنى مۇنقەرز قىلىپ، دۇنيانىڭ ئۈچتىن بىرىدىن كۆپ ئىنسانلارنى بىر ئىدىيە ۋە بىر ئېتىقاد ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈردى.“

ئىنگلىز يازغۇچى ”Tomas Carlyle“ مۇنداق دېگەن: ”بېشىغا تاج كىيگەن ھېچ قانداق بىر ئىمپېراتور، كىيىمىنى ئۆزى ياماپ كىيىدىغان ھەزرىتى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) دەك سۆيگۈ ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان ئەمەس.“

چۈنكى كائىناتنىڭ پەخرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جانابى ئاللاھنىڭ ياردىمىگە نائىل بولغان، ئۆز خاھىشى بىلەن گەپ قىلىدىغان ئەمەس، ئىلاھىي ۋەھيىنىڭ تەرجىمانلىقىنى قىلىدىغان مۇستەسنا زاتتۇر.

سائادەت ئەسرىدىن كېيىن ئىسلام ئەڭ پارلاق شەكىلدە جانلىنىپ، جەمئىيەتتە تەتبىق قىلىنغان دۆلەتلەردىن بىرى، شۈبھىسىزكى ئوسمانلى دۆلىتىدۇر. ئەجدادىمىز ئوسمانلىلار چىن مۇھەببەت ۋە چوڭقۇر سۆيگۈ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزىدا مېڭىپ، دەۋاسىغا ساداقەت كۆرسەتكەن، ئىخلاس بىلەن خىزمەت

قىلىپ، تەنتەنىلىك ۋە كۆركەم بىر مەدەنىيەت بارلىققا كەلتۈرگەن.

غەربلىك خىيالپەرەس يازغۇچىلاردىن ئىتالىيەلىك پەيلاسوپ، "Tomasso Campanella" نىڭ "قۇياش دۆلتى" ناملىق ئەسىرىگە ئەجدادىمىز ئوسمانلىلارنىڭ تەنتەنىلىك مەدەنىيەت ئۈستۈنلىكى ئىلھام مەنبەسى بولغان. مانا بۇ ئەھۋال، ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەتكە تەتبىقلىغىلى بولمايدىغان ئىنسانىي پەلسەپىلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى ھاياتلىق دىنى بولغان ئىسلام بىلەن سائادەتكە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئۆرنەكلىرىدىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ.

# ئەقىل يېتەرلىك بولسا ئىدى

شۈبھىسىزكى، ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرىنى ئاللاھ ئۆزى ئەڭ ياخشى بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جانابى ئاللاھ ئىنسان ئەقلىنىڭ ھەقىقەتنى تېپىشىدىكى ئاجىزلىق نوقتىسىنى بېكىتىپ، يېتەرسىز تەرەپلىرىنى تولدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن بەزى رىۋايەتلەردە 124 مىڭدىن ئارتۇق پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، كىتاب ۋە سەھىپىلەر نازىل قىلىپ، ئىنسانلارنى ھەقىقەتكە يېتەكلەشتە، كاتتا ئىنئام بەرگەن. ما بۇ ئىنساننىڭ ھەقىقەتنى تېپىپ، توغرا يول تېپىشىدا ئەقىل يالغۇز ئۆزى يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خۇسۇستا ئەگەر ئەقىل يېتەرلىك بىر ۋاستە بولغان بولسا ئىدى، جانابى ئاللاھ ئىنسانلارغا بۇنچە كۆپ پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، كىتاب نازىل قىلمىغان بولاتتى.

قانداقلا بولمىسۇن، ھايات شەرتلىرى نېمە بولۇشتىن قەتئىينەزەر، پۈتۈن ئىنسانلار "ئۆلۈم" ھەقىقىتى ئالدىدا، ھەممىسى ئورتاق بىر ۋەھىمە ئىچىدە. ھايات يوللىرىنىڭ چۆرگىلەپ كېلىپ، ئۆلۈم باياۋانىدا غايىب بولۇشى، كۆڭۈللەرنى چوڭقۇر ئەندىشىگە سالماقتا.

زېھنىمىزدە خۇددى زەھەرلىك يىلاندەك تۈگۈلۈۋالغان، قىيىلدىغانسىرى ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان "ئۆلۈم" ۋە ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھەقىقەتلەر، ۋەھيىنىڭ رەھبەرلىكىدىن

ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىرشاد ۋە تەبلىغىدىن ئۇزاق زېھنىيەتلەر تەرىپىدىن، ھەر دەۋردە تۈرلۈك باتىل تەلقىنلەر بىلەن جىمىقتۇرۇلۇپ، باستۇرۇلۇپ ياكى مەجبۇرى ئىدىيىۋى بېسىم ئاستىغا ئېلىنىپ كەلدى. مانا ئىنسان ئەقلى بىلەن يەشكىلى بولمايدىغان ئاشۇ ئىستىقبال تۈگۈنىنى پەقەت ۋەھيىنىڭ ياگىراق ساداسى يېشەلىشى مۇمكىن.

بۇ پانى ھايات سەپىرىنىڭ مەجھۇل يوللىرىنى تونۇتقان، مۇئەممالىرىنى يەشكەن، زۇلمەتلىرىنى يورۇتقان، ئەقىل ۋە قەلب ئۈچۈن ھەر جەھەتتىن ئەڭ ئىشەنچلىك دەلىللەر بىلەن تويۇنغان يېگانە ئىلاھىي كىتاب قۇرئان كەرىمدۇر.

ئۇلۇغ رەببىمىز نۇرغۇن ئايەتلەردە، ئىنسانىنىڭ يارىتىلىش ھېكمىتىنى، كائىناتتىكى ئادەتتىن تاشقىرى ئىنچىكە نىزام ۋە قانۇنلىرىنى ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىك بايانلىرىنى تەپەككۇر قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئىنسانلىق شەرىپىگە لايىق ياشاشنى ئارزۇ قىلغانلار، چوقۇمكى قۇرئان كەرىم ئىستىقامىتىدىكى تەپەككۇر دۇنياسىغا كىرىشكە مەجبۇر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتىشى لازىم.

زەررىچىلىك چىنار ئۇرۇقى مۇنبەت بىر تۇپراق ۋاستىسى بىلەن چوڭ بىر گەۋدە بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلگىنىدەك، بىزدىكى تەپەككۇر تەسەۋۋۇرىمىز ۋە ھېسسىياتىمىزنىڭ قۇرئان كەرىم بىلەن ئوزۇقلىنىپ كۈچلىنىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدىغان قەلبى

ئويغاقلىق ۋە ھەقىقەتلەرمۇ چەكسىز ۋە تەنتەنىلىكتۇر. بۇ ئېتىبار بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇ تۈگىمەس فەيزى ۋە ئىرشادى بولمىغان بولسا ئىدى، تەپەككۇر ھېس-تۇيغۇلىرىمىز مۇنبەت تۇپراقتىن مەھرۇم چۆرۈك ئۇرۇقلۇقتەك ھوسۇلسىز قالغان بولاتتى.

بۇ سەۋەبتىن بىز مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قۇرئان كەرىم سايىسىدا ئەمەلىيلەشكەن ئىلاھىي ئىلتىپاتنىڭ بۈيۈكلىكى ۋە كاتتىلىقىنى ئىدراك قىلىشتىن تېخىمۇ چوڭ بىر نېمەت يوق.

بىلىشكە تېگىشلىك ھەقىقەت شۇدۇركى، كىتابخانىلاردا چاڭ-توزاڭ قاپلاپ كەتكەن جازىلاردىكى قاتتىق مۇقاۋىلىق پەلسەپە كىتابلىرىغا بېغىشلانغان بىلەرمەنلەرنىڭ مەۋھۇم پىكىرلىرى بىلەن جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلغىلى بولمايدۇ. ئىنسانلارنى ھەقىقىي سائادەت ۋە ئەبەدىي خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرىدىغان قۇرئان كەرىم ۋە ئۇنىڭ روشەن تەپسىرى ماھىيىتىدىكى سۈننەت ۋە بۇ ئىككىسى بىلەن يۇغۇرۇلغان ئىلاھى ھېكمەت ۋە ھەقىقەتلەر بىلەن كامالەت تاپقان مۆمىنلەرنىڭ تەبلىغ ۋە پەند-نەسىھەتلىرىدۇر.

ئىلاھى بايان رەھبەرلىكىدە تەربىيە ئالمىغان ھەر قانداق ئەقىل، ئادەتتە كۆندۈرۈلمىگەن ياۋايى ئاتقا ئوخشايدۇ. كۆندۈرۈلمىگەن ياۋايى ئات بىلەن مەنزىلگە يېتىش ئىمكانسىز بولغىنىدەك، تىنك يادىن يېقىلىپ، ھالاك بولۇشمۇ مۇقەررەر ۋە مۇقەددەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، قانداقكى بىر ياۋايى ئاتنى تىزگىنلەش ئۈچۈن يۈگەن

سىلىپ كونترول قىلىش كېرەك بولسا، ئەقىلنىمۇ ۋەھىي ۋە ئۇنىڭ تەپسىرى ماھىيىتىدىكى سۈننەتنىڭ مەنىۋىي تىزگىنىگە ئېلىپ كونترول قىلىش كېرەك بولىدۇ.

پەلسەپىۋى ئېقىملار ئىلاھى ۋەھىي بىلەن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ تەبلىغ ۋە ئىرشادى بولماي تۇرۇپمۇ، ھەقىقەتنى تاپالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئەمما ئەڭ بۈيۈك ھەقىقەت ئاللاھ پەيغەمبەرلىك بىلەن شەرەپلەندۈرگەن مۇستەسنا شەخسلەرنىڭ رەھبەرلىكىسىز ھەقنى تونۇپ، ھەققە ئەگەشكىلى بولمايدىغانلىق ھەقىقىتىدۇر.

بۇ ھەقىقەتنى مەۋلانا مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ: ”باللارنىڭ ئەقلى چېغىدا، كىتاب بىلەن مەشغۇل بولۇشنى ئېيتىدۇ. ئەمما نارەسىدە باللار بىرەر يېتەكچى مۇئەللىمە يوق ھالەتتە كىتابتىن بىر نەرسە ئۆگىنەلىشى مۇمكىنمۇ؟

كېسەلنىڭ ئەقلىمۇ ئۇنى دوختۇرغا بارغىن دەيدۇ، ئەمما ئەقلى ئۇنىڭغا دورا بولالمايدۇ.

ئېغىزى بوش، گەپدانلارنىڭ ھەممىسى جانابى ئاللاھنىڭ پەزلى ئىنايىتىگە ئېرىشىپ، يول تاپىدىغان بولسىدى، جانابى ئاللاھ بۇ قەدەر كۆپ پەيغەمبەر ئەۋەتمىگەن بولاتتى“

ئىنساب بىلەن لىللاھ تۇرۇپ، ئەقىل يۈرگۈزىدىغان بولساق، ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەر پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئەڭ بۈيۈك نېمىتىدۇر. چۈنكى پەيغەمبەرلەر ھېچ كىمدىن، ھېچقانداق بىر دۇنيالىق پايدا كۈتمەي، ئاللاھنىڭ زاتى ۋە سۈپەتلىرى ھەققىدە تەلىم بەرگەن.

ئۇلارنىڭ بەرگەن تەلىمىنىڭ ئاز بىر قىسمىمۇ، پۈتۈن ئىنسانلار ھەممىسى پەيلاسوپ بولۇپ، تەتقىقات ئېلىپ بارسۇن ياكى ھەممە ئادەم زاھىدلىق يولىنى تۇتۇپ، نەپسىنى پاكلاپ كەتسۇن ئېرىشكىلى بولىدىغان ئىلىم ئەمەس.

بۇ خۇسۇستا ئىمام راببانى مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەرلەر پۈتۈن ئالەملەرگە رەھمەتتۇر. جانابى ئاللاھ بۇ بۈيۈك ئىنسانلار ۋاستىسى بىلەن، بىزدەك جۈزئىي ئەقىل ئىگىلىرىگە ئۆزىنىڭ زات ۋە سۈپەتلىرىنى بىلدۈرۈپ، بىزلەرنى بىز چۈشىنەلەيدىغان سەۋىيەدە زاتىغا ۋە سۈپەتلىرىگە خاس ئۇلۇغلىقىدىن خەۋەردار قىلغان. يەنە پەيغەمبەرلەر ۋاستىسى بىلەن نېمىدىن رازى بولىدىغانلىقىنى ۋە نېمىلەردىن رازى بولمايدىغانلىقىنى بىزلەرگە بىلدۈرگەن. دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك پايدا-مەنپەئەتىمىزنى زىيان-زەخمەتتىن ئايرىش ئىمكانى بەخشەتكەن. ئەگەر پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىلمىگەن بولسا ئىدى، ئىنسان ئەقلى ئاللاھنىڭ بارلىقىنى (تولۇق مەنىسى بىلەن) ئىدراك قىلالمايتتى، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنىمۇ چۈشىنەلمەيتتى."[27]

ئەقلىنىڭ ئىدراك قىلىش كۈچى تۈگەپ نائىلاج قالغاندا ھەقىقەتمۇ ئاخىرلاشتى دەپ جار سالغىلى بولمىغاندەك، ئۇ نوقتىدىن كېيىن ئىنساننىڭ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدىغان مەڭگۈلۈك ھەقىقەتلەرگە ئىنتىلىش

27. ئىمام راببانى، "مەكتۇبات" 3-توم، 23-مەكتۇب

مايىللىقىنىمۇ يوق قىلىۋەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى بۇ مايىللىق ئىنسان خاراكتېرىدىكى ئېهتىياجدۇر. شۇ سەۋەبلىك مەيلى دىنىي پرىنسىپلاردا بولسۇن، مەيلى دىندىن خالىي پىكرىي قاراشلاردا بولسۇن، ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ بۇ خىل تەبىئىي ئېهتىياجىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن. بۇنىڭدەك مېتافىزىك مەسىلىلەرگە ئالاقىدار پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەرنىڭ تولىمۇ زور ھەجىملىك ئەسەرلەر توپلىمى ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم.

يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىلاھىي مەنبەدىن پەيز ئالغان پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنى قوللاپ ۋە تەستىقلاپ كەلگەن. ئۆزىگە ئىشىنىپ، ئەقلىنى بىرلەمچى قىلىۋالغان پەيلاسوپلار، زىتلىقلاردىن ساقلىنالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۆمرى پەقەت بىرىنىڭ قارىشىنى يەنە بىرى رەت قىلىش ياكى تەنقىد قىلىش بىلەن ئۆتۈپ كەتكەن. بۇنىڭدا، ”ئەنانىيەت“ يەنى شەخسىيەتچىلىك، مەنمەنچىلىك خاھىشىغا مايىللىق قارىشى ئالدىنقى پىلاندا رول ئالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئەقىلنىڭ زىتلىقلاردىن خالىي بولالماسلىقى تېخىمۇ گەۋدىلىك رول ئوينىغان.

ھەقىقەتەن، ئەقىل تەمىنلىگەن مەلۇماتلار، شۈبھە ۋە تەرەددۇت، خاتا ۋە نۇقسان، ئۇنۇتۇش ۋە ئېزىش دېگەندەك ئىللەتلەردىن ھېچقاچان خالىي بولغان ئەمەس. چۈنكى ئەقىل قېلىپلاشقان پىكىر، چۈشەنچە ۋە سىرتقى ئامىللاردىن كەلگەن ئىجابىي ۋە سەلبىي تەلقىنلەرنىڭ، ئازدۇر-كۆپتۇر تەسىرىگە چوقۇم ئۇچرايدۇ.

ھېرىس، غەزەپ ۋە ھەۋەسكە ئوخشاش ئاجىزلىقلاردىن، شۇنىڭدەك ئۇنۇتۇش، بىپەرۋالىق ۋە خاتالىششقا ئوخشاش يېتەرسىزلىكلەردىن تامامەن قۇتۇلالمايدۇ. ئۇ ئېرىشكەن نۇرغۇن ھۆكۈملەر سىرتقى رەڭلەر بىلەن بويالغان ۋە بۇلغانغان شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. يەنى ئەقىل بىلىمگە يېتىشتە مۇتلەق خاتالاشمايدىغان مەنبە بولالمايدۇ.

# ئەقىلنىڭ يولى بىر

قەدىمكى گىرېتسىيەدە ئەقىلنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرسىتىدىغان مەشھۇر بىر ھادىسە بولۇپ ئۆتكەن ئىكەن. بۇنىڭدا بىر ياش بالا قانۇن ئۆگەنمەكچى بولۇپ، مەشھۇر بىر پەيلاسوپ "Georgias" نىڭ يېنىغا بېرىپ، ئوقۇغۇچى بولىدۇ. نەتىجىدە ئۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن تۆلەشكە تېگىشلىك پۇلنىڭ يېرىمىنى ئالدىدىن بېرىپ، قالغان يېرىمىنى خىزمەتكە چىقىپ، دەۋادا ئۇتۇپ چىققاندا، ئالغان تۇنجى قېتىملىق مائاشىدىن تۆلەيدىغانغا كېلىشىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى ئوقۇغۇچى تۇنجى قېتىملىق دەۋادا ئۇتالىسا، ئوقۇغۇچىنىڭ ئىلىم تەھسىلى ياخشى بولۇپ، ئوقۇتقۇچى قالغان يېرىم پۇلنى ئېلىشقا ھەقلىق دېگەن بولاتتى. لېكىن ئوقۇش تۈگىگەندىن كېيىن ئوقۇغۇچى مۇئەللىمگە بەرگەن بىرىنچى قېتىملىق پۇلنى يېتەرلىك دەپ قاراپ، قالغان يېرىمىنى ئالماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ تەلەپ سەۋەبلىك تۇنجى قېتىملىق دەۋا مۇئەللىم بىلەن ئوقۇغۇچىسى ئارىسىدا باشلىنىدۇ.

مەھكىمىدە ئوقۇغۇچى سوتچىغا:

- مەن بۇ دەۋادا ئۇتساممۇ، ئۇتتۇرۇۋەتسەممۇ بۇ پۇلنى بەرمەسلىكىم كېرەك، - دەيدۇ.

سوتچى:

- نېمە ئۈچۈن؟ - دەپ سورايدۇ.

ئوقۇغۇچى:

- ئەگەر مەن دەۋادا ئۇتسام، ئۇتقانلىقىم ئۈچۈن پۇل تۆلىمەسلىكىم لازىم، ياق ئەگەر دەۋادا ئۇتتۇرۇپ قويسام، تۇنجى قېتىملىق دەۋادا ئۇتتۇرۇپ قويغانلىقىم ئۈچۈن، دەۋاگەر بىلەن ئارىمىزدىكى كېلىشىم بويىچە، يەنە پۇل تۆلەشكە كېرەك يوق.

بۇنىڭغا قارىتا پەيلاسوپ ئوقۇتقۇچىمۇ، ئوخشاشلا:

- مەن بۇ دەۋادا يېڭىلىپ قالسامۇ، يېڭىپ چىقسامۇ كېلىشكەن پۇلنى ئېلىشىم كېرەك، - دەيدۇ.

سوتچى:

- نېمىشقا؟ - دەپ سورايدۇ.

ئوقۇتقۇچى:

- دەۋادا ئۇتسام، بۇ مېنىڭ ھەققىم، ئۇتتۇرۇپ قويسام، جاۋابكار بىلەن ئارىمىزدىكى كېلىشىمنىڭ تەلىۋى بويىچە، ھەققىمنى ئېلىشىم كېرەك. چۈنكى مەن دەۋادا ئۇتتۇرۇپ قويغان تەقدىردە، ئۇ دەۋادا ئۇتقان بولىدۇ ۋە بىرىنچى تېگىشلىك پۇلنىڭ قالغان يېرىمىنى بېرىشكە تېگىشلىك شەرت تېپىلغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەرزىنى تۆلىشى كېرەك بولىدۇ.“[28]

قارايدىغان بولساق، دەۋاگەر ۋە جاۋابكار ھەر ئىككىسىنىڭ دەۋاسى غايەت ئەقلىي مەنتىققە ئۇيغۇندۇر. دېمەككى ئەقىل ۋە مەنتىق بۇ مىسالدا ئىپادىلەنگىنىدەك،

28. ئىسلام دۇنيا قارىشى، 267 ـ 268 ـ بەت

بەزى چاغلاردا ئۆزى سالغان قورغاننىڭ ئىچىگە سولىنىپ خالتا كوچىلارغا كىرىپ قالىدۇ. بۇ خۇددى "بۇ تامغا ئېلان ۋاراقلىرى چاپلاشقا بولمايدۇ" دەپ قويۇپ، ئۆزى ئېلان تاختىسى ئاسقانغا ئوخشايدۇ.

بۇنىڭغا ئوخشاش ئەقىلنىڭ جەمئىيەتتە ھەل قىلالمىغان نۇرغۇن مەسىلىلىرى تۇرۇغلۇق، چەكسىز ئىلاھىي ھەقىقەتلەرنى پۈتۈنلەي چۈشىنىپ كېتەلىشى مۇمكىن بولامدۇ؟

دۇنياغا ئالاقىدار مەسىلىلەردە ئىنساننىڭ ئەھۋالى مۇنداق بولىدىغان بولسا، ۋەھيىنىڭ ياردىمىسىز بىلگىلى بولمايدىغان، ھەقىقىتىنى چۈشىنىپ ئىدراك قىلغىلى بولمايدىغان ئاخىرەتلىك، ساماۋى، روھىي ۋە دىنىي نۇرغۇن مەسىلىلەردە ھالى قانداق بولىدۇ؟

دېمەك، ئەقىلنىڭ رولى چاغلىق بولۇپ، زەئىپلىك ۋە نوقسانلىقى ئاشكارا.

شۇ سەۋەبلىك، ئەقىلنىڭ زىددىيەتتىن قۇتۇلۇپ ساغلام بولۇشى ئۇنىڭ ۋەھيي بىلەن تەربىيە ئېلىشى ۋە كۈچى يەتمەيدىغان ھەقىقەتلەرگە قەلبىدىن تەسلىم بولۇشىغا باغلىق.

# تۈتامسىزلىق سىمۋولى پوزىتىۋىزم

دىنىنىڭ ئابىستراكىت ھەقىقەتلىرىنى رەت قىلىدىغان ماتېرىيالىست پەلسەپىلەرنىڭ قاراشلىرى "پوزىتىۋىزم"غا ئاساسلىنىدۇ. پوزىتىۋىست پەلسەپە، ھەقىقەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن پەقەتلا "بەش ئەزا" يەنى بەش سەزگۈ ئەزانى بىلىم مەنبەسى دەپ قوبۇل قىلىدۇ.

بۇ پەلسەپىگە كۆرە تەجرىبىخانىدا تەكشۈرۈلۈپ، سەزگۈ ئورگانلار بىلەن ھېس قىلىنمىغان ھېچ قانداق بىر نەرسىنىڭ ھەقىقىتى يوقتۇر. شۇڭا، ھەقىقەت پەقەتلا تەجرىبىخانىدا ئىسپاتلىنىدىغان ۋە بەش سەزگۈ ئەزا بىلەن تەكشۈرىلىدىغان نەرسىلەرگە خاستۇر. ئەمما ئىسلام دىنىدا بەش سەزگۈ ئەزانىڭ ئىدراك كۈچىنىڭ سىرتىدىكى "غەيبىي" مەسىلىلەرگىمۇ ئىشىنىشكە ئەمىر قىلىنغان، شۇڭىمۇ ئىسلامنىڭ ئەڭ چوڭ رەقىبلىرىدىن بىرى "پوزىتىۋىست" پەلسەپە ئېقىمىدۇر.

پوزىتىۋىزم، ئاساسەن ئۆزىگە ئۆزى زىت ئىككى ئاساسى پرىنسىپقا تايىنىدۇ. بۇلارنىڭ بىرى "كۆللىي" لىك، يەنە بىرى "زۆرۈرى" لىك پرىنسىپىدۇر.

كۆللىيلىك پرىنسىپى دېگىنىمىزدە، تەبىئەتتىكى جانلىق نەرسىلەرنىڭ بىرىگە تەۋە ھەر قانداق بىر ئالاھىدىلىك كائىناتتا كۆللىي، يەنى ئومۇمىيلىق

كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ. مەسىلەن، تەجرىبىخانىدا نورمال بېسىم بىلەن ساپ سۇنى قىزىتسىڭىز، سۇ مەلۇم تېمپېراتۇرىغا يەتكەندە پارغا ئايلىنىدۇ. ئالىملار بۇ تېمپېراتۇرنىڭ دەرىجىسىنى 100 گرادۇس سانلىق مەلۇمات بىلەن ئۆتتۈرىغا قويغان. شۇڭا ھەر قانداق سۇيۇقلۇقنىڭ مەزكۇر ئىسسىقلىق گرادۇسىغا يەتكەندە پارغا ئايلىنىدىغانلىقى دەۋا قىلىنىدۇ. پوزىتىۋىست نەزەرىيەسى بويىچە بولغاندىمۇ باشقا فىزىكىي ھەقىقەتلەرمۇ بۇ فورمۇلا بويىچە بايقىلىدۇ.

گەرچە تەجرىبىخانىلاردا تەجرىبە قىلىنغان نۇرغۇن سۇ تۈرلىرى بولسىمۇ، لېكىن تەجرىبە قىلىنمىغان يەنە نۇرغۇن سۇ تۈرلىرى بار. بۇنىڭغا قارىماي، پوزۇتىۋىست نەزەرىيىسى ”ھەر قانداق سۇيۇقلۇق 100 گرادۇستا پارغا ئايلىنىدۇ“ دەپ، قارايدۇ. ئەمما بۇ قاراش ئۇلارنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىغا زىت كېلىدۇ. چۈنكى ئۇلار تەجرىبىخانىدا تەجرىبىدىن ئۆتمىگەن ھەر قانداق ھۆكۈمنى قوبۇل قىلمايدۇ.

بۇنىڭغا قارىماي:

- سىز پۈتۈن سۇيۇقلۇقلارنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، قانداقمۇ بۇ ھۆكۈمنى چىقىرىسىز؟ دېگەن سوئالنىڭ جاۋابىغا ئۇلار مۇنداق دەيدۇ:

- ھەممە سۇنى تەجرىبە قىلىپ چىقىش ئىمكانسىز بولغانلىقى ئۈچۈن بىر مىقدار سۇنى تەجرىبە قىلغاندىن كېيىن ھەممىسىنىڭ ئوخشاش ماھىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، زېھنىمىزنىڭ تەجرىبىخانىسىغا

مۇراجىئەت قىلدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەقىقەتنى ئومۇملاشتۇرالايمىز.“

ھالبۇكى، دىنىي ھەقىقەتلەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشىمۇ، خۇددى شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. بىر مۇسۇلماننىڭ كۆزىتىش ساھەسىگە كىرىدىغان، يەنى بەش سەزگۈ ئەزا بىلەن چۈشەنگىلى بولىدىغان دىنىي ئەمرلەرنى ئەقىل قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن قوبۇل قىلىش كېرەك بولغىنىدەك، ئەقىل كۈچى يەتمەيدىغان ئەمرلەرنىمۇ ئومۇمىيلاشتۇرۇپ قوبۇل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

مەسىلەن، جانابى ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتنى ئۆز قۇدرىتى بىلەن ياراتقانلىقىغا دائىر نۇرغۇن ھادىسىلەرنى كۆرۈپ، تەپەككۇر قىلغان بىر ئىنسان، ئۇنىڭ پۈتۈن جانلىقلارنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىشتە قىيىنچىلىق تارتمايدۇ. يەنە جانابى ئاللاھ ياراتقان ھېچ بىر مەخلۇقنى تاشلاپ قويمايدىغانلىقى ۋە ھەر بىرىنىڭ رىزقىنى ئاتا قىلغانلىقىنى كۆرگەن بىر ئىنسان، ئۇنىڭ پۈتۈن بەندىلەردىن ئاخىرەتتە ھېساب ئېلىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش ھېس قىلالايدىغان ھەقىقەتلەرگە قىياس قىلغان ئاساستا، ھېس قىلغىلى بولمايدىغان ھەقىقەتلەرنىمۇ قوبۇل قىلىپ، تەستىقلايدۇ.

پوزىتىۋىستلەرمۇ بۇ ئالاھىدىلىكنى تەبىئىي ھالدا قوبۇل قىلغانلىقىغا قارىماي، دىندارلارنى ئەقىلسىز دەپ قاراپ، پۈتۈن مېتافىزىك ھەقىقەتلەرنى رەت قىلىدۇ.

ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قاراشلىرىدا زىتلىقلارغا كىرىپ قالغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

ئاساسەن بۇ زىتلىق تەۋھىد ئەقىدىسىگە قارشى بولغان بارلىق پەلسەپىۋى ئېقىملارنىڭ بىردەك ئاجىزلىق نوقتىسىدۇر. پەيلاسوپلارنىڭ ئىلاھىي ھەقىقەتلەر ئالدىدا يولۇققان زىتلىقىنى ئىمام راببانى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ: "ئاجايىپ ھەيران قالارلىق ئىشلار باركى، بىر قىسىم كىشىلەر پىكىردە ئىنسان زېھنىنى خاتادىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مەنتىق ئىلمىنى بىر ئۆمۈر ئۆگىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ ئىنچىكە نوقتىلىرىغا قەدەر قالدۇرماي ھەممىنى تولۇق ئىگىلەيدۇ. ئەمما ئاللاھنىڭ زاتى ۋە سۈپەتلىرىدەك ئەڭ مۇھىم نۇقتىلارغا كەلگەندە ئۆزلىرىنى يوقىتىدۇ. بىر ئۆمۈر ئۆگەنگەن مەنتىق ئىلمىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. قالايمىقان جۆيلەشكە باشلايدۇ. بۇلارنىڭ ئەھۋالى بىر نەچچە يىل ئۇرۇش قورال-ياراقلىرى ياساپ، ئۇرۇش ۋاقتى كەلگەندە، ئۇنى ئىشلىتىشنى ئۇنتۇپ قالغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ."[29]

پوزىتىۋىست قارىشىنىڭ ئىككىنچى مۇھىم ئاساسى "زۆرۈرى"لىك پىرىنسىپىدۇر. پوزىتىۋىستلەر ماددىلارنىڭ مەۋجۇت خۇسۇسىيەتلىرى ۋە بۇلار ئارىسىدىكى ئوخشاشماسلىقلارنى تەجرىبىخانىدا ئىسپاتلىيالمىغان تۇرۇغلۇق يەنە بۇنى "زۆرۈرىيەت" دەپ قوبۇل قىلىدۇ.

29. ئىمام راببانى، مەكتۇبات، 3-توم، 23-مەكتۇب

ھالبۇكى، پوزىتىۋىستلەرگە نىسبەتەن، ھەر ھۆكۈم تەجرىبىخانىدا ئىسپاتلىنىشى زۆرۈرىيەت تۇرۇغلۇق، مەۋجۇداتلارنىڭ يارىتىلىش ماھىيىتىدە مەۋجۇت بولغان خۇسۇسىيەتلىرىنى مۇلاھىزە قىلىپ ئولتۇرماي، تەجرىبىسىز قوبۇل قىلىدۇ. بۇ ئەھۋال ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان پىرىنسىپلىرىغا قارشى زىت ئەھۋال."[30]

مەسىلەن، پوزىتىۋىستلەر ئوخشاش بولمىغان ماددىلاردىكى پارغا ئايلىنىش، كونكرېت تارتىش كۈچى ياكى سىرتقى ئامىلنىڭ تەسىرى ئارىسىدىكى پەرق ۋە ئوخشىماسلىقلارنى پەقەتلا تەجرىبە ئاساسىدا ئىسپاتلاشنى يېتەرلىك دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇلارنىڭ سەۋەبلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇ تۈر شەيئىلەرنىڭ يارىتىلىش ھېكمىتىنى ئۆزلىرىگە مۇناسىۋەتسىز دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھەقتە تەپەككۇر قىلمايدۇ. ئىسلام دىنى بولسا بۇخۇسۇسىيەتلەرگە پۈتۈن مەۋجۇداتلارنىڭ يارىتىلىش غايىسىگە ئۇيغۇن بىر "ئىلاھىي" بەلگىلىمە ۋە "ئورۇنلاشتۇرۇش" ھېكمىتى بىلەن ئېنىقلىما بېرىدۇ.

قۇرئان كەرىم "كائىنات" كىتابىنى ئوقۇغان ھەر قانداق مۆمىنگە «ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن»[31] تەلىماتىنى بەرگەن. يەنى ئاللاھنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنىڭ قۇدرەت تەجەللىسىنى كۆرۈپ، ئەسەردىن ئەسەر قالدۇرغۇچىغا، سەنئەتتىن سەنئەتكارغا يارىتىلغۇچىدىن ياراتقۇچىغا ئەقلى ۋە قەلبى بىلەن

30. ئىسلام دۇنيا قارىشى، 46-بەت
31. سۈرە ئەلەق، 1-ئايەت

تەپەككۇر قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. كائىناتقا كائىنات بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، ئۇنىڭ بىر ياراتقۇچى تەرەپتىن يارىتىلغانلىقىغا قاراشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ماتېرىيالىست پەلسەپە بولسا مەۋجۇداتقا مەۋجۇدات نەزىرى بىلەن قارايدۇ. يەنى مەۋجۇداتلارنىڭ ياراتقۇچىسىغا قارىماي، ماتېرىيالىست نەزىرى بىلەن قارايدۇ. سەنئەتنى كۆرۈپ تۇرۇپ، سەنئەتكارنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ. ئەسەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئەسەر قالدۇرغۇچىنى ئويلاشتىن قاچىدۇ.

مانا بۇلار ماتېرىيالىست پەلسەپىنىڭ كائىنات قارىشىدىكى ئەمالىق ۋە نوقسانلىقىغا قارىتا ئىسلامنىڭ نەزەرىدىكى كەڭ قورساقلىق، چوڭقۇرلۇق ۋە مۇكەممەللىكىنىڭ بىر مىسالىدۇر.

ئۇنىڭدىن سىرت، ئىسلامدا بارلىقى ۋاجىپ، يېگانە مۇتلەق ھەقىقەت جانابى ئاللاھتۇر. كائىنات ۋە كائىناتتىكى پۈتۈن مەۋجۇداتلار ياراتقۇچى ئاللاھقا قەرزداردۇر. شۇڭا، "ئىنسان" مۇ مۇتلەق ئەمەس، مۇقەييەد بىر جانلىقتۇر. دىنغا ئاساسلانماي تۇرۇپ، ھەقىقەتنى تاپالايدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدىغان پەلسەپىچىلەر بولسا، ئىنساننى مەركەز قىلىدۇ ۋە ئۇنى مۇتلەق رېئال، دەپ قارايدۇ. باشقا مەۋجۇداتلارنى ئۇنىڭ سىزىقى بويىچە، ئۇنىڭغا قاراشلىق قىلىپ باھالاشقا تىرىشىدۇ. دۇنيا مېنىڭ ئەتراپىمدا چۆگىلەيدۇ دەپ شەخسىيەتچىلىكتە پىرئەۋننى، كىبىر ۋە ھاكاۋۇرلۇقتا نەمرۇدنى ئۈلگە قىلىپ، جانابى ئاللاھنىڭ: «(ئى مۇھەممەد!) ماڭا نەپسى خاھىشنى ئىلاھ

قىلىۋالغان، ئاللاھ ئازدۇرغان، (ھەقنى) بىلىپ تۇرغان، ئاللاھ قۇلىقىنى ۋە قەلبىنى پېچەتلىۋەتكەن ۋە كۆزىنى پەردىلىگەن ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ ئاللاھ ئازدۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى كىم ھىدايەت قىلالايدۇ؟ سىلەر (بۇلاردىن) ۋەز - نەسىھەت ئالمامسىلەر؟»[32] دېگەن ئايەتتە تەنقىتلەنگەن بەدبەختلەرنىڭ مىسالىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىنسانلىقنىڭ تەبىئىتىدە مەجۇت بولغان خاتالىشىش، ئۇنتۇش، ئاجىزلىق، موھتاجلىق ۋە پانىيلىققا ئوخشاش نۇقسانلىقلارنىڭ ئۈستىگە پەردە تارتىپ، ياراتقان رەببىگە "قۇل" ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتتۇرۇشنى خالايدۇ. جانابى ئاللاھ بەرگەن ھايات ۋە دۇنيا نېمەتلىرىنى تەبىئەتكە ۋە تاسادىپيلىققا ئارتىپ قويۇشتەك ساددا ۋە دۆتلۈككە يۈزلىنىپ، ئاللاھقا بەندە بولۇپ، ئۇنىڭغا شۈكرىنى ئادا قىلىش ئىشىكىنى تاقىۋېلىشقا تىرىشىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ ئېنىق دۈشمىنى بولغان شەيتاننىڭ ئەڭ چوڭ نىشانى ئىكەنلىكى مەلۇمدۇر.

دىنغا قارشى پۈتۈن پىكرىي ئېقىملارنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان پوزىتىۋىست پەلسەپىنىڭ ھاياتنىڭ ھەر ساھەسى بويىچە بىرەر تارمىقى بار. مەسىلەن، كوممۇنىزم ئىقتىسادىي ھاياتقا، فروئىدىزم جىنسى مايىللىقلارغا تەتبىق قىلىش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا چىققان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەتتە ئىسلامغا زىت ئېقىملار بولۇپ، ئاساسى پوزىتىۋىست پەلسەپىگە تايىنىدۇ. پوزىتىۋىست پەلسەپىنىڭ ھەقىقەتكە

32. سۈرە جاسىيە، 23 ـ ئايەت

ئېرىشىش مەنبەسى نۇقسان بولغانلىقى ئۈچۈن قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ قۇرۇپ چىققان مەنتىقى ئىسلامغا قارشى بولغاندىن سىرت، يەنە ئۆزلىرىنىڭ پىكرىي قاراشلىرىغىمۇ زىت كېلىدۇ.

# ئەقىل ئىككى بىسلىق پىچاق كەبى

”ئەقىلنىڭ كۈچى چەكسىز، بارلىق ھەقىقەتنىڭ ئاچقۇچى ئەقىل، ئەقىل ئاچقۇچى بىلەن ھەر قانداق ھەقىقەت سارىيىغا دادىل كىرىپ تەخت قۇرغىلى بولىدۇ“ دېگۈچىلەر ئەقىل ئىگىسى ھېچقانداق جىنايەتنى سادىر قىلماسلىقى لازىم دېگەن ھەقىقەتنىمۇ قوبۇل قىلىشى لازىم. چۈنكى ئەقىل ھەقىقەتكە ۋە توغرىغا يېتەكلەشكە تامامەن ھەقلىق ۋە مۇقتەدىر بىر ۋاستە بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا جەمئىيەتتە نۇرغۇن ئادەملەر بار ئۆزى قالتىس ئەقىللىق، ئەمما نۇرغۇن جىنايى قىلمىشلارنى سادىر قىلىدۇ، ئاجايىپ ئېغىر خاتالىقلارنى ئۆتكۈزىدۇ، ھالبۇكى، ئىنسان تۈزگەن تۈزۈملەرنىڭ ھەممىسى جىنايەتچىگە جازا بەرمەكچى بولغاندا، ئەقلي ئىقتىدارىنى ئاساس قىلىدۇ. يەنى جىنايەتچى جىنايەت سادىر قىلغاندا ئەقلى-ھوشى جايىدا تۇرۇپ جىنايەت سادىر قىلدىمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ دېگەندەك تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن ھۆكۈم قىلىدۇ.

بۇ دېگەنلىك، جازا ھۆكۈم قىلىشنىڭ مەنتىقي ئاساسى جىنايەت سادىر قىلغۇچىنىڭ ئەقلى-ھوشى جايىدا بىرى ئىكەنلىكى ۋە بۇ جىنايەتنى سادىر قىلغاندا ئەقلى جايىدا ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت. ئۇنداقتا ئەقىلنىڭ ياخشىلىققا ئۇلىششتا يېتەرلىك بىر

ۋاستە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش، يامانلىق ۋە جىنايى قىلمىشلار سەۋەبلىك ئۇنى جازالاش، بۇ بىر زىتلىقتۇر. ئىسلام دىنىدا ئەقىل لازىم، ئەمما يېتەرسىز دەپ قارالغانلىقى ئۈچۈن بۇ خىل زىتلىقلاردىن ئۇزاق ۋە خالىيدۇر."[33]

ئەقىل ئىككى بىسلىق بىر پىچاققا ئوخشايدۇ. ياخشىلىققىمۇ، يامانلىققىمۇ ۋاستە ۋە سەۋەب بولالايدۇ. ئەقىل ۋاستىسى بىلەن ئىنسان جىنايەت سادىر قىلىشىمۇ مۇمكىن، شۇنىڭدەك جىنايەتنى توسۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ھەقىقەتتە بەندە، ئەڭ يۇقىرى مەنىۋى سەۋىيەگە ئەقلىنىڭ ياردىمىسىز ئېرىشەلمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە قۇرئاندىكى «ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر، ئەنە شۇلار غاپىلدۇر»[34] دېگەن ھالەتكە، يەنى ئىدراك جەھەتتىن ھايۋاندىن تېخىمۇ تۆۋەن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىدا، ئەقلىنىڭ رولىنى تۆۋەن چاغلىغىلى بولمايدۇ.

33. ئىسلام دۇنيا قارىشى، 36 ـ بەت
34. سۈرە ئەئراف، 179 ـ ئايەت

# ئەقىلنىڭ تۇتۇلۇشى

پەيلاسوپلار ئەقىل يولى بىلەن بىر قىسىم ھەقىقەتلەرنى كەشىپ قىلغان ۋە شۇ ھەقىقەت ئاساسىدا تۈزۈلمىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. لېكىن بۇ تۈزۈلمىلەرنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ بولغان. شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقىغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر خۇسۇس، ئۇلار ئىنساننىڭ ھەقىقەتنى يالغۇز بىرلا خاھىش ئۈستىدىن ئىزاھلاشقا تىرىشقان، ھەمدە ئىنسان رېئاللىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەقىقەتلەرنى لايىق بولغان سەۋىيەنىڭ ئۈستىدە كۆرۈپ ياكى ئومۇملاشتۇرۇپ پۈتۈن ھاياتلىق خاھىشلىرىنى ئۆزىگە تەۋە يېگانە خاھىشتەك كۆرۈۋالغانلىقىدۇر. بۇ، ئادەتتە “monist” يەنى بىر مەنبەچىلىك نەزەرىيەچىلىكىگە تەۋە قاراشتۇر.

مەسىلەن، يەھۇدىي سىگموند فروئىد 1939-يىلى يازغان بىر ئەسىرىدە ئىنسانغا ئورمانلىقتىكى ھايۋانلارغا قارىغاندەك ئاددىي ۋە ناھايىتى تۆۋەن نەزەردە قاراپ بىر ھاياتلىق نەزەرىيەسى ئوتتۇرىغا قويغان. نۇرغۇن چېگىش ۋە مۇرەككەپ ھەقىقەتلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇش كۈچىگە ئاساسلىنىپ، ئىنساننى ئەخلاقىي تەرەپتىن كەيپ-سايا نەپسانىيەتچىلىكىگە ئېلىپ بارغان. چۈنكى ئۇ ئىنساندىكى جىنسىي قانائەتلىنىش خاھىشىنى

ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش ئارقىلىق ھاياتقا مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەرنىڭ تامامىنى ئۇنىڭ بىلەن ئىزاھلىغان ۋە پۈتۈن ھادىسىلەرنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى "Libido" يەنى "جىنسىي ئىستەك" خاھىشى دەپ كۆرسەتكەن.

توغرا، بۇ خاھىش ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشىدا مەۋجۇت بىر خۇسۇسىيەتتۇر. شۇڭا ئۇنىڭ ئىنسان پائالىيىتى ئۈستىدە مۇييەن تەسىرى كۈچى بار. ئەمما "فروئىد" نىڭ خاتالىقى، ئۇنى ھاياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە كېڭەيتىشى ۋە بۇ رېئاللىقنى بارلىق ھەرىكەتلەرنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى دەپ قارىۋالغانلىقىدۇر. بۇ ئەھۋال كىچىك بىر جىسىمغا لانزا ئەينەك بىلەن قاراپ، ئۇ جىسىمدىن باشقا چوڭ بىر جىسىم يوقتەك، ھەممىنىڭ كۆزىدە ئۇنى چوڭايتىۋالغانغا ئوخشايدۇ.

مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ راتسىئونالىست (ئەقلىيلىقى) بىلەن غەرب پەلسەپىسىنىڭ راتسىئونالىستلىقى ئارىسىدىكى ئايرىلىش نوقتىلىرىدىن بىرىدۇر. غەرب راتسىئونالىستى چوڭ ۋە كۆپ قىرلىق ھەقىقەتلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇۋەتكەن ۋە ئۆزلىرىگە تەۋە سۇنئىي ۋە ئەرزىمەس پارچە-پۇراتلارنى ساغلام ۋە پۈتۈن كۆرسىتىشكە ئورۇنغان. شۇڭىمۇ ئۇلارنىڭ بۇ خاھىشى خاتالىق ۋە زىتلىقلاردىن قۇتۇلالمىغان بىر ئەقلىيەتچىلىك خاھىشىدۇر.

ئىسلامنىڭ ئەقلىيلىك نەزەرىيەسى جۈزئىينى (قىسمەننى) كۈللىينىڭ (پۈتۈننىڭ) بىر پارچىسى دەپ قارايدىغان، كۈللىينىڭ ئىچىدىن جۈزئىينى كۆرىدىغان، شۇڭا ئۇ جۈزئىيگە جۈزئىي بويىچە قىممەت بېرىدىغان،

كۆللىينى باشقا جۈزئىيلىرى بىلەن بىرگە قوشۇپ نەزەرگە ئالىدىغان، بىرلەشتۈرگۈچى ۋە تولۇقلىغۇچى تەۋھىد پرىنسىپىگە ئۇيغۇن ۋە بۇ پرىنسىپقا سادىق بىر ئەقلىيلىك نەزەرىيەسىدۇر.

ئەمەلىيەتتىمۇ ئىسلام دىنى ئىنساننىڭ جىنسى خاھىشلىرىنى بىر رېئال ھەقىقەت دەپ قوبۇل قىلىدۇ. ئىسلام شەرىئىتى ئىنسان نەسلىنىڭ داۋاملىششى ئۈچۈن ئاللاھتائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن بۇ خاھىشنى ئىنكار قىلىش ئەمەس، بەلكى قوغداپ، نىكاھ تۈزىمى بويىچە قانۇنلاشتۇرۇپ بەرگەن. نىكاھنىڭ سىرتىدىكى جىنسىي خاھىشلارنى بىز بىلمەيدىغان نۇرغۇن ھېكمەتكە بىنائەن چەكلىگەن.

مىسالغا ئالىدىغان بولساق، تېخى يېقىنقى ئەسىرلەر مابەينىدە كارل ماركس، دارۋىن ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىغان پۈتۈن ماتېرىيالىستلار، بۇرمىلانمىغان، ساغلام ۋەھيىنىڭ رەھبەرلىكىدىن مەھرۇم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئىنسانىنى پەقەتلا بىيولوگىيەلىك بىر مەخلۇق دەپ قاراپ، ئۇنىڭ كۆڭۈل ئالەمىنى ئىنكار قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مىليونلارچە ئىنساننىڭ روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلىكىگە ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن كەمبەغەللىكىگە سەۋەب بولغان. كوممۇنىزم ئىدىيەسى كەڭ تارقىلىپ، ئۇنى جەمئىيەتكە تەتبىقلاش ئەۋج ئالغان 20-ئەسىردە ئۇز ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرىتىنى زۇلمەتكە مۇپتىلا قىلىشتىن باشقا بىر ئىشقا يارىمىغانلىقى ئۈچۈقتۇر..

كارل ماركس ئىقتىسادنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ھايات ۋە ھادىسىلەرنى شۇ ئاساستا ئىزاھلاشقا ئورۇنغان. يەنى ئۇمۇ جۇزئىينى ئاساسقا ئېلىپ، كۇللىينى ھېسابقا قاتمىغان. دېمەككى، ۋەھيىنىڭ رەھبەرلىكىدىن مەھرۇم قالغان ئەقىل، مىزان تەڭپۇڭلۇقنى بوزۇۋېتىدۇ. ئاقىۋەتتە نەتىجە، ھاياتنى پەقەتلا ماددىياتتىن ئىبارەت دەپ قارايدىغان لىبىرالىستلەر يوللۇق، يولسىز پۈتۈن ۋاستىلارنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ قورالى قىلىدۇ. كاپىتالىستلار، ئىنساننى ئىقتىساتنى جانلاندۇرۇشتا زاۋۇتنىڭ موتورىنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان چىشلىق چاق ماھىيىتىدە كۆرىدۇ. ئۇلار بۇ چاقلارنىڭ ئارىسىدا قېلىپ ئېزىلىپ كەتكەنلەرنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى كۆرمەيدۇ. كوممۇنىستلار ۋە سوتسىيالىستلارمۇ مال-مۈلۈكنىڭ كىمگە ئائىت ئىكەنلىكىنىڭ جېدىلىنى قىلىپ، ئۆمرى جەڭگى-جېدەل ۋە زۇلۇم-سىتەم بىلەن ئۆتىدۇ.

بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش پۈتۈن بەشەرى (ئىنسانىي) تۈزۈلمىلەرنىڭ ھەممىسى مەنىۋىيەتتىن مەھرۇم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەممىسى رەھىمسىز، نائىنسابلادۇر.

ئىسلام دىنى بولسا، ماددىي زۆرۈرىيەت ۋە ئېھتىياجلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن بۇ تۈر ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىگە زۆرۈر ۋە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ھەقىقەتلەر قاتارىدىن ئورۇن بەرگەن. شۇنىڭدەك ۋەھيىنىڭ نۇرىدا رەتكە سېلىپ، ئىنساننىڭ ھۇزۇر ۋە سائادىتىگە ئەڭ ئۇيغۇن شەكلىنى بايان

قىلغان، ھەمدە دۇرۇس ۋە ھالال قازىنىشنىڭ يوللىرىنى كۆرسەتكەن.

يەنە ئىسلام، مال-مۈلۈكنىڭ شەخسنىڭ ياكى ئومۇمنىڭ ئەمەس، پەقەتلا ئاللاھنىڭ ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مۇسۇلماننىڭ مال-مۈلك ئۈستىدىكى ھەققى ۋاقىتلىق، پەقەتلا كاسسىرلىق رولى بارلىقىنى، ئۇنى پەقەت ئامانەت سۈپىتىدە، ئاللاھنىڭ نامىغا تەسەررۇپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. شۇنىڭدەك دۇنيانىڭ يەنە دۇنيادا قالىدىغانلىقىنى، ئىنساننىڭ بۇ دۇنيا ئىمتىھانىغا بەرگەن جاۋابىغا كۆرە، ئۆزىنىڭ ئەبەدىيلىك ھاياتىنى شەكىللەندۈرىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. شەخسلەرگىمۇ مەسئۇلىيەتچانلىق ئېڭى يۈكلىگەن.

«قوشنىسى ئاچ تۇرۇپ، ئۆزى توق ياتقان كىشى (كامىل) مۆمىن ئەمەس»[35] شۇنىڭدەك: «مۆمىنلەرنىڭ دەردى بىلەن دەرتلەنمىگەن كىشى بىزدىن ئەمەس»[36] دېگەنگە ئوخشاش نەبەۋىي پرىنسىپلار بىلەن مۇسۇلمانلارنى بىر-بىرىگە كېپىل ۋە ئىگە قىلغان. مۇشۇنداق قىلىپ، ئىجتىمائىي ئادالەت ۋە ھەمكارلىقنى ئەڭ مۇكەممەل سەۋىيەدە ئەمەلىيلەشتۈرگەن. ئەمەلىيەتتە، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز زامانىدا جەمئىيەتتە زاكات ئالىدىغان پېقىر قالمىغان ئىدى. يەنە شۇنىڭدەك، ئىسلامىي پرىنسىپلارنىڭ سەزگۈر نۇقتىلىرىدىن بىرى بولغان ھەمكارلىق پرىنسىپىنىڭ نەتىجىسىدە، ئەجدادىمىز

35. ھاكىم،2، ئىككىنچى توم، 15-بەت
36. ھەيسەمى، 1-توم، 87-بەت

ئوسمانلى 26 مىڭدىن ئارتۇق ۋەقىپ ۋە خەيرىيەت مۇئەسسەسىسى قۇرغان. تېررىتورىيىسىدىكى ھەممە يەرنى خۇددى ئۆمۈچۈك تورىدەك ئوراپ، مەلھەم بولمىغان بىرمۇ دەرتمەن قالمىغان. نەتىجىدە جەمئىيەتتە باي-كەمبەغەل ئارىسىدىكى ھەسەت-نەپرەت تۈيغۇلىرى تۈگەپ، خەلق ئىچىدە ئىجتىمائىي ھۇزۇر ۋە خاتىرجەملىك كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان.

مانا ئىسلام دىنى ئىنسان ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك پۈتۈن مەسىلىلەرنى رەتكە سېلىپ، كاپالەتكە ئىگە قىلغىنىدەك، ئىقتىساد مەسىلىسىدىمۇ شەخس ۋە جەمئىيەتنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادىتىگە مادار ۋە كۈچ بولىدىغان مۇكەممەل پىرىنسىپ بەلگىلەپ، تەرتىپكە سالغان.

شۇ سەۋەبتىن بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ھەقىقىي مەنىدە "ئەقلىي" يەنى ئەقىل ۋە مەنتىققە ئۇيغۇن ھەقىقەتلەر، ئىلاھىي پىرىنسىپلارغا ئۇيغۇن، دۇنيا-ئاخىرەتلىك سائادەتنى چىقىش قىلىدىغان كەڭ ۋە چوڭقۇر ماھىيەتكە ئىگە ھەقىقەتلەردۇر.

بۇ قاراش بويىچە ئېيتقاندا، بىر مۇسۇلمان پۈتۈن مەۋجۇداتلارنى يوقتىن يارىتىپ، ھايات شەرتلىرىگە مۇناسىپ ياشاش ئىمكانى ئاتا قىلغان بۈيۈك زات جانابى ئاللاھنىڭ زات ۋە سۈپەتلىرىنى داۋاملىق ئەسلەپ تۇرىدۇ، قۇدرەت تەجەللىسىنىڭ نامايەندىسى بولغان بۇ كائىناتتىكى بارلىق مەخلۇقاتلىرىنىڭ ماھىيىتىگە مۇجەسسەملەشكەن ھەقىقەتلەرنى تەپەككۇر قىلىپ،

قەلبىي ۋە زىھنىي تەرەپتىن ئەتىگەن-ئاخشام ھەمدۇ-سەنا، زىكىر، تەسبىھ بىلەن كۆڭۈل باغچىسىنى ئاۋات قىلىدۇ، ئاخىرەت ئالىمىدە رەببى بىلەن ئۇچرىشىشقا تەشنا قەلبى بىلەن سىردىشىپ، كۆڭۈل ھوزۇرغا ئېرىشىدۇ. بۇ خۇسۇستا ئىنسان ئەقلىنىڭ مەھسۇلى بولغان پەلسەپە ئېقىملىرىنىڭ ھېچ بىرىدە بۇنىڭدەك ھوزۇر ۋە خاتىرجەملىك ھېس قىلغىلى بولمايدۇ.

بۇ سەۋەبلىك غەرب ئەقلىيەتچىلىكىنىڭ ئەقلىيلىك ۋە مەنتىقلىق دەپ قارىغان نۇرغۇن ئىش ۋە پىكىرلىرىنى ئىسلام ئەقلىي جەھەتتىن توغرا دەپ قارىمايدۇ. مەسىلەن، ئەقىلنى خاتا ئىشلىتىپ، كۆپۈرغا كىرىپ قالغان ياكى دىنىنىڭ تەۋسىيە قىلغان ئەمىر-پەرمانلىرىغا بىپەرۋا قاراپ ياكى نا توغرا ئەخلاقىي قىلمىشلارنى توغرا كۆرۈپ قالغانلارنىڭ ئەقلىنى ئەقىل دەپ قارىمايدۇ. چۈنكى ئەقىل مۇتلەق ھەقىقەتكە رام بولغان چاغدا، ئاندىن ساغلام ئەقىل قاتارىدا رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ.

شائىر فۇزۇلى ئىلاھىي ھەقىقەتلەرنىڭ ئىرشادىغا تەسلىم بولمىغان، بۇرنىنىڭ ئۇچچىغا قاراپ يول ئالغان بىر ئەقىلنىڭ ئاجىزلىقىنى مۇنداق ئۇتتۇرىغا قويىدۇ:

مەن ئەقلىدىن ئىستىدىم دەلالەت
ئەقلىم ماڭا كۆرسەتتى زالالەت...

”يەنى مەن ئەقلىمدىن ماڭا توغرا رەھبەرلىك قىلىشنى تەلەپ قىلسام، ئەكسىچە ئۇ مېنى زالالەت ۋە باتىلغا باشلىدى“

بۇنىڭدىن سىرت يەنە ئىنساننىڭ سۆز-ھەرىكىتىنى تەرتىپكە سېلىپ، رەتلەيدىغىنى پەقەتلا ئەقىل ئەمەس، ئىنسان ھاياتتا ئەقىلدىن كۆپ، ھېسسىي تۇيغۇلىرى بىلەن قارار قىلىدۇ. بۇ سەۋەبلىك ھەقىقەتنى تېپىش ۋە ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن پىكرىي جەھەتتە ئاساسى مەركەز بولغان ئەقىلنىڭ رەھبەرلىكى ئاساسى سالماقنى ئىگىلىمەيدۇ. بۇنىڭدا ھېسسىي تۇيغۇلارنىڭ مەركىزى بولغان قەلبىنىڭ رولى چوڭ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان قەلبىنىڭ ئىلاھىي ھەقىقەتلەر رەھبەرلىكىدە تەربىيەلىنىپ يېتىلىشىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت كۆرسىتىشى زۆرۈر. بۇنىڭدا ئىنسان ئالدى بىلەن قەلبىنىڭ ساپلىقىغا، نەپسىنىڭ پاكلىقىغا، ھېس، پىكىر ۋە پۈتۈن سۆز-ھەرىكىتىنىڭ ئىلاھىي ھەقىقەتلەر ئىستىقامىتىدە مەنىۋى جەھەتتىن تەربىيەلىنىشىگە سەل قارىماسلىقى كېرەك.

ئەكسىچە بولغاندا ئىنسان، تەربىيە كۆرمىگەن روھىي خامۇشلىقىنىڭ ۋە كۆڭۈل خاھىشلىرىنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئىنسان دۇنياغا پەقەت خارلىق ۋە مۇشەققەتلىك تۇرمۇش ئۈچۈن ئاپىرىدە بولغان بىر مەخلۇق دېگەندەك خاتا گۇمان بىلەن ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ھايات كەچۈرىدۇ. خاتا قىلمىشلارغا گېلىغىچە پېتىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆزىنى سۈتتىن ئاق، خاتادىن پاك كۆرىدۇ. ئەڭ ئېغىر جىنايەتلەرنى سادىر قىلسىمۇ، قىلچە ئۈكۈنمەيدۇ. ئەرش تىترەپ كەتكۈدەك زۇلۇم-ستەم ۋە ھەقسىز قىلمىشلارغا پېتىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ھېچ

ئىش بولمىغاندەكلا بەخىرامان يۈرەلەيدۇ. مانا بۇ خىل ھالەتلەر ئادەتتە، قەلبى قارىيىپ، ۋىجدانى ئەلەم ھېس قىلمايدىغان خام ئەرۋاھلارنىڭ روھىي ھالىتىدۇر.

## قايسى ئەقىلگە خىزمەت؟

تارىختىن بېرى ئۆزىنى ئەقىللىق چاغلاپ كەلگەن زالىملاردىن ھېچ بىرى، ئۆزىنىڭ قىلغان زۇلۇم-ستەملىرىگە قارىتا ۋىجدانى ئازابلىنىپ، پۇشايمان قىلغان ئەمەس. چۈنكى ئۇلارنىڭ قىلغان زۇلۇم-ستەملىرى ئۆزىگە نىسبەتەن ئەڭ توغرا ۋە ئاقىلانە ھەرىكەت ئىدى.

ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن مەككە خەلقى ئىچىدە قىز پەرزەنتىنى تىرىك كۆمۈۋېتىشتەك ئېچىنىشلىق يامان ئادەت بار ئىدى. قۇلدارلار ئۆزلىرىنىڭ قۇللىرىنى خالىسا قامچىلايتتى، خالىسا ساتاتتى، خالىسا ھايۋاندىنمۇ بەتتەر قاتتىق ئىشلىتەتتى، ھەتتا ئۆلتۈرۈۋەتكەن تەقدىردىمۇ ۋىجدانى ئەسلا ئازاپلانمايتتى. ئۇلارغا نىسبەتەن بۇ ۋەھشىي جىنايى قىلمىشلار غايەت نورمال ئەھۋال ئىدى.

ئۆز ۋاقتىدا مەدەنىيەتلەر شەھىرى باغداتقا بېسىپ كىرگەن ھۇلاكۇمۇ 400 مىڭدەك بىگۇناھ مۇسۇلمانىنى دىجلە دەرياسىدا غەرق قىلغان. ئۇنىڭ كۆزىنى ئۆچمەنلىك ۋە نەپرەت پەردىلىرى شۇنچە قېلىن قاپلىۋالغان ئىدىكى، نۇرغۇن تەر تۆكۈپ، كۈچ سەرپ قىلىپ يېزىلغان ئەتىۋالىق كىتاب ۋە قىممەتلىك ئەسەرلەرنى دىجلە دەرياسىغا تاشلاپ نابۇت قىلغان. دەريادا بىر قانچە

كۆڭگىچە سۇ بىلەن بىرگە قان ۋە رەڭ ئاققان. ئەنە بۇ زالىمۇ ئۆزىنىڭ بۇ ۋەھشىيلەرچە زۇلمىدىن زەررە قەدەر ۋىجدانىي ئازاب ھېس قىلمىغان.

چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ھەربىي غالىبىيەتلىرىمۇ ئارقىسىدا پەقەت زۇلۇم ۋە كۆز يېشى قالدۇرۇپ، قىلمىشلىرى تۇپراقلارنى قان بىلەن سۇغۇرۇشتىن باشقا ئىشقا يارىمىغان.

ئىنسانلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىغا قارايدىغان بولساقمۇ، تەخمىنەن 20 مىليوندىن كۆپ ئىنساننىڭ كاللىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان كوممۇنىزم ۋەھشىيلىكى، بىر ئەقلىي تۈزۈلمىنىڭ نەتىجىسى ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرى ھەقىقەت نەزىرى بويىچە دىققەتكە ئېلىنغاندىمۇ، ئەڭ قانخور يىرتقۇچ ھايۋانلارمۇ ئۈركۈپ قاچقۇدەك دەرىجىدە ئېغىر تىراگىدىيەدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئىنسانلىقنىڭ يۈز قارىسى بولغان پۈتۈن بۇ ۋەھشىلىكلەرنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۈيۈك مۇۋەپپەقىيىتى ۋە ئۇلۇغ غەلىبىسى دەپ قارىسىمۇ، لېكىن نەتىجىدە تارىخ بۇلارنى دۇنيالىق ھەۋەسلىرى سەۋەبلىك قىلىنغان ئەڭ دەھشەتلىك زۇلۇم دەپ قەيت قىلغان.

بەلكىدە ئۇلار تالانت جەھەتتە ئەقىللىق، قابىلىيەتلىك ۋە سەزگۈر كىشىلەر بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ۋەھىينىڭ رەھبەرلىكىدىن مەھرۇم بولغانلىقى، نەپسىنى پاكلاپ، قەلبىنى ساپلاشتۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىمكانىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى يامانلىققا ۋاستە قىلغان.

ۋىجدانى قارىيىپ، شەپقەت، مەرھەمەت ۋە ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسى پەردىلىنىپ قالغان. دېمەك ئىنسانلىق غۇرۇرى بىلەن ئالاقىسى بولمىغان ۋەھشىيانە قىلمىشلارنى ئەقلى ئۇلارغا غايەت نورمال ۋە توغرا كۆرسەتكەن.

تارىختىن بېرى پۈتۈن زالىم ۋە دىكتاتورلار ئۆزلىرىنى داۋاملىق ھەقلىق دەپ قاراپ، خاتالىقنى ھەمىشە باشقىلاردىن ئىزدەپ كەلگەن. بۈگۈن سۇرىيە، مىسىر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يەرلەردىكى زۇلۇملار، جىنايەتلەر، ھەتتا قەتلىئاملار بۇنىڭ تىپىك بىر مىسالىدۇر. بۇ زۇلۇملارنى قىلغانلار ئىلاھىي ھەقىقەتلەرنى ھېس قىلمايدىغان ئەقىللىرى بىلەن قىلمىشلىرىنى ئەڭ ئاقىلانە ئىش دەپ قارايدۇ. نەتىجىدە ئارقىسىدا بىر ئىنسانلىق تىراگېدىيەسى قالدۇرغانلىقىنى، مىليۇنلارچە مەزلۇمنىڭ بەددۇئاسىغا قېلىپ، ئاخىرەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت گىردابىنى ئارتتۇرغانلىقىنى ئويلىيالمايدىغان دەرىجىدە ئېغىر غەپلەتتە قالغان.

بۇ خىل ھادىسىلەرگە ھەر دەۋردە تارىخ شاھىت بولۇپ كەلمەكتە. بۈيۈك ئالىم ۋە پەقىھ ئەبۇ ھەنىپە ھەزرەتلىرىگە ئەينى ۋاقىتتا خەلىپىلىكتىن قالسا ئەڭ چوڭ مەنسەپ بولغان باغداتنىڭ قازىلىق ۋەزىپىسى تەكلىپ قىلىنغانتى. ئەمما ھۆكۈمەت بېشىدىكى زالىم ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن پەتىۋالىرىنىڭ بۇرمىلىنىپ خاتا تەتبىقاتلارغا ۋاستە بولۇپ، ئىنسانلارغا زۇلۇم بولۇپ قالارمۇ دېگەن ئەندىشە بىلەن ئەبۇ ھەنىپە بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمىغان. ئەبۇ ھەنىپىنىڭ پادىشاھنىڭ ئەمرىگە بوي

سۇنماي، تەكلىپىنى رەت قىلىشىنىڭ ھېكمىتىنى ئەقلى قوبۇل قىلالمىغان ھۆكۈمدارلار، ئۇ بۈيۈك ئالىمنى زىندانغا تاشلاپ، قامچىلاپ قاتتىق ئازابلىغان. شۇنداقتىمۇ ئۇ زات يەنىلا ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ھۆكۈملىرى بۇرمىلىنىشىدىن قورقۇپ، ئۆزىنىڭ زىندانغا تاشلىنىپ، قامچىلىنىش جازاسىغا ئۇچراشتىن قورقمىغان.

لېكىن دۇنيالىق ۋە نەپسانىي ھېرسلىرىنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالغان ئەقىلدارلارنىڭ ئەقلى قانچىلىك ئۈستۈن بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خاتالىقىنى كۆرەلمەيدىغان دەرىجىدە ھاماقەتلىكلىكىدىن خاتالىققا يۈزلىنىپ، زۇلۇم خۇمارى بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنالمايدۇ.

ئىمام ئەبۇ ھەنىپىگە بۇ زۇلۇمنى رەۋا كۆرگەنلەر ۋە بۇنى ئەمەللەشتۈرىشنى ئۆزلىرىچە توغرا دەپ قارىغۇچى زالىملار تارىخنىڭ ئەخلەتخانىسىغا كۆمۈلۈپ، ھەتتا ئىسىملىرىمۇ ئۇنتۇلۇپ كەتتى. ئەمما ئەبۇ ھەنىپە ئەھلى سۈننە ۋەلجەمائەنىڭ ”ئىمامى ئەزەمى“ بولۇپ كۆڭۈللەردە تەخت قۇرۇپ ياشاشقا ۋە ياخشى دۇئالار بىلەن ياد قىلىنىشقا سازاۋەر بولماقتا.

# ساغلام ئەقىل

تارىخ شۇنىڭغا جانلىق شاھىتتۇركى، ئەقلىنىڭ تار دائىرىسىگە كىرىۋالغان پىرئەۋن، نەمرۇد، ھولاكو ۋە ئۇلارغا ئوخشاش نۇرغۇن شەخسلەر، ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ دۈشمىنى بولۇپ قالدى. بۇنىڭ ئەكسىچە ۋەھيىنىڭ پەيزى بىلەن يۇغۇرۇلغان "ساغلام ئەقىل" گە نائىل بولغان، دوستلۇق ۋە مۇھەببەتنىڭ ئىلاھىي مەنبەسىگە ئېرىشكەن مەۋلانا ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن ھەق دوستلىرى، ئىنسانلارغا ھۇزۇر ۋە سائادەت ۋەسىلىسى بولۇپ كۆڭۈللەردىن ئورۇن ئالدى. توغرا، ئۇلار پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ مەڭگۈلۈك دوستىدۇر.

ھەقىقەتەن، ھەزرىتى مەۋلانانىڭ ۋاپاتىغا يەتتە ئەسىر بولۇپ ئاشقان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا كۆڭۈل تەختىراۋانىمىزدا تەخت ھۆكۈمدارى بولۇپ ئولتۇرماقتا. ئەمەلىيەتتە بۈگۈن ئامېرىكا ۋە ياۋروپا قىتئەلىرىدە ئىنسان روھىغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ كۆپ ئوقۇلغان ئەسەرلەر ئارىسىدا ھەزرىتى مەۋلانانىڭ "مەسنەۋى"سى ۋە بۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزى مۇتەسەۋۋۇپلارنىڭ ئەسەرلىرى ئالدىنقى قاتاردا ئىكەنلىكى مەلۇم. بۇنىڭدىن سىرت يەنە ھەزرىتى مەۋلانانىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 8-يۈز يىللىق مۇناسىۋىتى

بىلەن 2007-يىلىنىڭ ”ب د ت مائارىپ، پەن-مەدەنىيەت تەشكىلاتى“ تەرىپىدىن مەۋلانانى خاتىرىلەش يىلى ئېلان قىلىنىشىمۇ بۇ خۇسۇستىكى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان مۇھىم نۇقتىلاردىن بىرىدۇر.

ھەزرىتى مەۋلانا ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىنسانىنىڭ مەخلۇقاتلار ئىچىدە ئەڭ شەرەپلىك مەخلۇق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان قۇرئان ۋە سۈننەتنى مەنبە قىلىش ئۆلچىمگە لايىق ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن غەربلىك “humanist” (يەنى ئىنسانپەرۋەر) لەر تەرىپىدىنمۇ تەقدىر بىلەن قارشى ئېلىنغان بىر شەخسىيەتكە ئايلانغان.

دېمەككى، ئۇ بۈيۈك ھەق دوستىنىڭ يۈزلەرچە يىل ئاۋۋال ئىنسانلار ئۈچۈن ئىخلاس بىلەن يېزىپ قالدۇرغان ئىرشاد مەكتۇبى، بۈگۈن پۈتۈن دۇنيادا ئىنكاس قوزغاپ، ھاياجان پەيدا قىلىۋاتىدۇ. چۈنكى ”مەسنەۋي“ ئىنسانىنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا ئەينەك بولۇپ، ئۆزىنى تونۇشقا ۋە مۈشكۈللىرىنى يېشىشكە ياردەمچى بولىدۇ. زامانىمىزنىڭ ماتېرىيالىست زېھنىيەت كونتروللۇقى ئاستىدا ئېزىلگەن روھلارغا خاتىرجەملىك ۋە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ، ھىدايەتكە ۋەسىلە بولىدۇ. چۈنكى ئىنسان ماددىي باياشاتلىقتا پەللىگە يەتكەندىمۇ، ھەتتا پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭ بولغان تەقدىردىمۇ، ھېكمەتتىن مەھرۇم قالغان روھي بوشلۇقنى ھېچ بىر نەرسە بىلەن تولدۇرالمايدۇ.

ھەزرىتى مەۋلانا ئىنساننى ھەقىقىي بەختىيارلىققا ئېلىپ بارىدىغان ھەقىقەتكە مۇنداق ئىشارەت قىلغان:

”ئېسىڭدە بولسۇنكى، تەبىئەت ۋە خىيالدىن كېلىپ چىققان پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەر، جالالەتلىك ئالllاھنىڭ نۇرىنىڭ پەيزىدىن كەلگەن ھېكمەت ئەمەس. سەندىكى دۇنيالىق پەلسەپە پەقەت گۇمان ۋە شۈبھىنى ئاشۇرىدۇ، خالاس.

يەنە شۇنى ئەستىن چىقارمىغىنكى، پەقەت دىن ھېكمىتى ئىنسانىنى پەلەككە، ھەتتا تېخىمۇ يۇقىرى ئۇپۇققا كۆتۈرىدۇ.

ئەپسۇسكى، ئاخىر زامانىنىڭ ئەقىللىق پەيلاسوپلىرى، ئىبلىس سۈپەتلىك بىلىمدارلارنى ئالدىنقىلاردىن ئۈستۈن كۆردى. ئۇلار ماھىيەتتە بولسا، ھىلە-مىكىر تونىغا كىرىۋېلىپ ئوتتۇرىغا چىققان، دىنغا قارشى پىكىرلىرى بىلەن ھەقىقىي بىلىم ئىگىلىرىنى رەنجىتكەن، ئەقىل ئالمايدىغان ئىشلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يۈرگەن بىر قىسىم ئەقىلدارلار ئىدى!

شۇڭىمۇ ئۇلار ھەقىقىي پايدا ۋە مەنىۋىي ئۇتۇق مەنبەسى بولغان سەۋرچانلىق، ئەپۇچانلىق، خۇشخۇيلۇق ۋە مەرتلىكتەك ئېسىل ئەخلاق يىلتىزلىرىنى قۇرۇتۇپ، جەمئىيەتكە پىتنە-پاسات ئۇرۇقى چېچىشتەك سەلبىي كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئۆلگىلىك نامايەندىسى بولۇپ قالدى.“

# روھنىڭ راھەتتى ھېكمەتكە رام بولۇش

پەيلاسوپلار ئىقتىدارى چەكلىك، ئاجىزلىقى چەكسىز ۋە تۈرلۈك ئىللەتلەرگە مۇبتىلا ئەقلى بىلەن ھەقىقەتنى تاپالايدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ دەۋاسىدىن باشقىلارغۇ مەيلى، ئۆزلىرىمۇ رازىمەن ئەمەس.

كەلام ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار پىرىنسىپ جەھەتتە ۋەھىينىڭ دائىرىسى ئىچىدە بولسىمۇ، لېكىن ئەقلىي مۇھاكىمە ۋە سېلىشتۇرما يولىنى تۇتۇپ، ھەممە ئىشتا ئەقلىنى ۋاستە قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن پەقەت شۇ ئەقىل دائىرىسى ئىچىدىكى ئىشلاردا پايدىلىق رول ئوينىغان. لېكىن ئەقلىنىڭ سىرتىدىكى ئىشلاردا روھىي جەھەتتە خاتىرجەملىكتىن مەھرۇم قالغان.

قۇرئان ۋە سۈننەت ئىستىقامىتىدىكى ھەقىقىي تەسەۋۋۇپ ئەھلى زاتلار، ئەقلىنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان نۇقتىلاردا، قەلبىي جەھەتتىن تەسلىمىيەت قانىتى بىلەن مۇساپە ئېلىشقا داۋام قىلغان. بۇ تەسلىمىيەتنىڭ نەتىجىسىدە ھېكمەت ئۈپۈقلىرىدىن نېسىبدار بولۇپ، مەرىپەتۇللاھ تەجەللىسىگە نائىل بولغان. دېمەك، ئىنسان روھىمۇ ھېكمەتلەرگە نائىل بولۇش دەرىجىسىگە قاراپ ھەقىقىي ھۇزۇر ۋە سائادەتكە ئېرىشەلەيدۇ.

ھەزرىتى ئەلى بۇ ھەقىقەتكە ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: "ھېكمەتلىك سۆز ۋە ئىش-ھەرىكەتلەر بىلەن روھىڭلارغا خۇشاللىق ئاتا قىلىڭلار، چۈنكى ھەر قانداق ئىنسان جىسمانىي جەھەتتىن چارچىغىنىدەك روھىي جەھەتتىنمۇ چارچايدۇ. ئىنسانلارنى تەپەككۇرغا ئىنتىلدۈرىدىغان ھېكمەتلىك سۆزلەر بىلەن ئاگاھلاندۇرۇڭلاركى، قەلبلىرى ھۇزۇرغا تولسۇن."

ھەقىقىي مەنىدە ھېكمەت شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە ھادىسىلەرنىڭ كېيىنكى چىقىش سىرىنى ئىدراك قىلىشتۇر.

ھېكمەت، ھەقىقەتلەرنى ئىدراك قىلىش جەھەتتە ئەقىلگە ئۇنىڭ زەئىپ نۇقتىلىرىنى خاتىرلىتىپ تۇرىدۇ. ئەقىل بىلەن ئىدراك قىلغىلى بولمايدىغان نۇرغۇن سىرلار پەقەت ھېكمەت بىلەن يېشىلىدۇ. كائىناتتىكى ئىلاھىي تەجەللىلەرنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ھېكمەت نەزىرى بىلەن چۈشەنگىلى بولىدۇ.

ئەگەر ھېكمەت بولمىغان بولسا ئىدى، قانچىلىغان سىرلار يېشىلمىگەن بولاتتى. ئەگەر سىرلار ئېچىلمىغان بولسا ئىدى، كۆڭۈللەر ئېرپان ئىقلىمىدىن پەيزىنى ئالالمىغان بولاتتى. ھەزرىتى مەۋلانا، ئابدۇلقادىر جەيلانى، يۇنۇس ئەمرە ۋە شاھى نەقشىبەند، ئەزىز ماھمۇد ھۇدايى ۋە ئۇلارغا ئوخشاش يەنە نۇرغۇن ھەق دوستلىرى ۋە ئىستىقامەت ئۆلچىمى بولغان بۈيۈك شەخسلەر يېتىشمىگەن بولاتتى.

ھېكمەت يۈلتۈزلىرى پەقەت پاكلانغان يەنى مەنىۋىيىتى ساپ ۋە چوڭقۇرلاشقان بىر قەلبتە تەجەللى قىلىدۇ. بۇ ئېتىبار بىلەن مۆمىنلەر ھەم ئالالاھنىڭ ھەمدە پەيغەمبىرىنىڭ پاكلىشى ۋە تەربىيەسى ئاستىدا ئىچكى دۇنياسىنى قانچىلىك ساپلاشتۇرالىسا، شۇنچىلىك ساغلام قەلبكە نائىل بولالايدۇ.

ئالىملىق ۋە ئارىپلىقمۇ ھېكمەتتە چوڭقۇرلىشىپ، قۇرئان، كائىنات ۋە ئىنساندا نامايان بولغان ئىلاھىي سەنئەتنىڭ چەكسىز سىرىغا ۋاقىپ بولۇشتىن ئىبارەت. بۇ ھەر بىر زەررىدە مەۋجۇت بولغان ئىلاھىي قۇدرەت تەجەللىلىرىنى ئىدراك قىلىش نىسبىتى بويىچە تەرەققىي قىلىدۇ.

مەسىلەن، مېدىتسىنا ئىلمى ئالالاھ بەدىنىمىزگە قويغان ئىنچىكە تەرتىپ ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلار بىلەن ئالاقىداردۇر، بوتانىك ئىلمىمۇ ئالالاھ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ماھىيىتىگە قويغان ئىلاھىي قانۇنلار بويىچە ئىشلەيدۇ. ھېكمەت بولسا، پۈتۈن ئىلىملەرنىڭ رولىنى بەلگىلەيدىغان قانۇن ۋە قائىدە-پىرىنسىپلىرىنى ياراتقان ئىگىسىنى تونۇتۇش بىلەن مەشغۇلدۇر. چۈنكى ئىلىمنىڭ غايىسى مەلۇماتلارنى زېھنىگە جەملەش ئەمەس، ئۇ مەلۇماتلارنىڭ ئەسلى مەنبەسىدىكى سىر ۋە ھېكمەتلەرنى قەلبنىڭ ئىدراك قىلىشىدۇر. بۇمۇ ئىلاھىي نۇرنىڭ قەلبتە تەجەللىسى بىلەن مۇمكىن بولىدۇ.

جانابى ئالالاھ مۇنداق دەيدۇ: «ھېكمەتنى (يەنى ياخشى ئەمەلگە يېتەكلەيدىغان پايدىلىق ئىلىمنى) خالىغان

بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ؛ ھېكمەت ئاتا قىلىنغان ئادەمگە كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ. پەقەت ئەقىللىق ئادەملەرلا بۇنىڭدىن پەند ـ نەسىھەت ئالىدۇ.»[37]

شۇنىڭ ئۈچۈن تارىختىن بېرى ھېكمەت ئەھلى مۇتەسەۋۋۇپلار مەيلى ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىدا ئېلىپ بارغان دەۋەت بىلەن بولسۇن ياكى يېزىپ قالدۇرغان ئەسەرلىرى بىلەن بولسۇن، ئىنسانلارنىڭ مۇشكىلاتلىرىنى ھەل قىلىپ، كۆڭۈللەرگە ئوزۇق بولۇپ كەلگەن.

ئالدىنقى ئەسىردە ئۆتكەن ئىسلام ئالىملىرىنىڭ پېشۋالىرىدىن مۇھەممەد ھەمدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "مېنىڭ ئۇسلۇبىم ئەقلىيچىلىك، قانۇن تەتقىقاتى ماڭا قايىل قىلغۇدەك شەكىلدە تونۇلۇپ ۋە ئىسپات قىلىنمىغان ھەممە نەرسىنى رەت قىلدۇرىدۇ. ئەلۋەتتە مەن ناماز، روزىغا ئوخشاش ئىسلامىي ۋەزىپىلىرىمنى تەسەۋۋۇپ سەۋەبلىك ئەمەس، قانۇنىي سەۋەبلەر تۈپەيلى ئادا قىلىمەن. ئۆز ئۆزۈمگە دەيمەنكى: "ئاللاھ مېنىڭ رەببىمدۇر، ئىگەمدۇر، ئۇ زات ماڭا بۇلارنى قىلىشنى بۇيرىدى. ئۇنداق ئىكەن مەن ئۇنىڭغا بوي سۇنۇپ، شۈكرىنى ئادا قىلىش ۋەزىپەم بار."

غەرب جەمئىيىتىنىڭ پارىژ مۇھىتىدا ياشاۋاتقان چاغلىرىمدا ھەيرانلىق بىلەن شۇنىڭغا شاھىت بولدۇمكى، خىرىستىيانلارنىڭ ئىسلامىيەتكە كىرىشىگە، فىقھ ۋە كەلام ئالىملىرىنىڭ قاراشلىرى ئەمەس، بەلكى ئىبنى ئەرەبى

37. سۇرە بەقەرە، 269 ـ ئايەت

ۋە مەۋلاناغا ئوخشاش تەسەۋۋۇپ ئەھلىنىڭ رولى چوڭ بولدى. بۇ ھەقتە مېنىڭمۇ ئىنچىكە كۆزەتكەن تەرەپلىرىم بار. مەسىلەن، ئىسلام ھەققىدە مەندىن بىرەر چۈشەنچە تەلەپ قىلىنغان چاغدا، ئەقلىي دەلىللەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ بەرگەن جاۋابلىرىم، مەسىلە سورىغۇچىنى قايىل قىلالمىدى. لېكىن مۇتەسەۋۋۇپلارنىڭ بەرگەن ئىزاھاتلىرى مېۋىسىنى كۆرسەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ مەن بارغانسېرى بۇ خۇسۇستىكى تەسىر كۈچۈمنى يوقىتىشقا باشلىدىم.

ئەمدى شۇنىڭغا ئىشەنىمەنكى، ئەينى ۋاقىتتا ھۇلاكو قالدۇرۇپ كەتكەن ماددىي ۋە مەنىۋى خارابىلىقلاردىن كېيىن مەنىۋىي ھاياتنىڭ قايتىدىن جانلىنىشىدا غازانخاننىڭ رولى چوڭ بولغىنىدەك، بۈگۈنمۇ ھېچ بولمىسا ياۋروپا ۋە ئاپرىقىدا ئىسلامغا خىزمەت قىلىدىغان قىلىچ ياكى ئەقىل ئەمەس، بەلكى قەلب يەنى تەسەۋۋۇپتۇر.

بۇ كۆزىتىشلەردىن كېيىن تەسەۋۋۇپ ھەققىدە يېزىلغان بەزى ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىشقا باشلىدىم. بۇ مېنىڭ كۆڭۈل كۆزۈمنى ئاچتى. چۈشەنىمەنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى تەسەۋۋۇپ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى زامانلاردىكى تەسەۋۋۇپ ئەھلىنىڭ يولى كەلىمىلەر ئۈستىدە مەشغۇل بولۇش ياكى مەنىسىز شەيئىلەر بىلەن ئۆمۈر ئىسراپخورلىقى قىلىش ئەمەس ئىكەن. بەلكى ئۇلارنىڭ يولى ئاللاھقا ئۇلاشتۇرىدىغان ئەڭ داغدام ۋە قىسقا يولنى تاللاش ئىكەن. بۇنىڭدا ئىنسان ئۆزىنىڭ كىشىلىگىنى تەربىلەپ، روھىي جەھەتتىن كامالەت تېپىش يولىنى ئىزدىشىگە توغرا كېلىدۇ. ئىنسان

بۇنىڭ يوللىرى ئۈستىدە جىددىي ئىزدىنىشى، مەنىۋىي تاكامۇللۇققا ئىنتىلىپ، ماددىغا تايىنىۋېلىش خاھىشىدىن ئۇزاق تۇرۇشى كېرەك، ئەكسىچە بولغاندا، ئىنساننى ئەسلى نىشانىدىن ئۇزاقلاشتۇرۇپ، روھىي تەكامۇللۇققا ئىنتىلىش يولىدىن توسۇپ قويىدۇ.“[38]

شۇڭا كۈنىمىزدە ئىنسانلار ئىزدىنىۋاتقان ئەڭ قايىل قىلارلىق جاۋاب، ئەقلىي مۇھاكىمە ۋە سېلىشتۇرۇش مەھسۇلاتلىرىدىن باشقا ئىلاھىي ھېكمەتلەر ئۇيۇقىدا كۆڭۈللەرگە خىتاب قىلالايدىغان مۇتەسەۋۋۇپلارنىڭ تىلىدىن سادىر بولماقتا.

چۈنكى ئۇ ئارىپ زاتلار، ۋەھىي بىلەن تەربىيەلەنگەن ئەقلىنىڭ ۋە ھەققە دوستلۇق ئىقلىمىدىن پەيز ئالغان قەلبلەرنىڭ تەرجىمانىدۇر. ئۇلار شۇنى ياخشى بىلىدۇكى، نەپسانىي ئارزۇلار، غۇرۇر، كىبىرگە ئوخشاش مەرەز ئىللەتلەرنىڭ ھۆكمى ئاستىدا، ساغلام قەلبنىڭ رەھبەرلىكىدىن مەھرۇم ئەقلىي تەپەككۇرنىڭ قاتمال زوراۋانلىقى بىلەن شەيتانلىشىپ، ئىنساننى ئازغۇنلۇققا ۋە تەلۋىلىككە باشلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ھەزرىتى مەۋلانا: ”شەيتاننىڭ ئەقلىچىلىك ئىشقى (يەنى كۆڭۈل ئۇيۇقى) بولغان بولسا ئىدى، بۇگۈنكى ئىبلىسلىك ھالىغا چۈشۈپ قالمىغان بولاتتى“ دېگەن.

38. مۇھەممەد ھەمدۇللاھنىڭ 1967-يىلى 9-ئاينىڭ 27-كۈنى تۈركىيەدىكى ”تەرجۈمان“ گېزىتىگە يازغان ماقالىسىنىڭ تېكىستىدىن

ھەقىقەتەن، ئەقىلنىڭ تۇنجى قېتىملىق جېدىلى ئۇنى يوقتىن يارىتىپ، بارلىققا كەلتۈرگەن ئاللاھتائالاغا قارشى يۈز بەرگەن. بۇ ئەقىل جېدىلىنى باشلاتقان تۇنجى ئازغۇن مەخلۇق، دەل ئىبلىس ـ شەيتان ئىدى.

دۇنيا ھەقىقەتەن ئاللاھتائالانىڭ ئەمىر ـ پەرمانىغا ئاسىي شەيتانلار بىلەن تولۇپ تاشقان. بۇ شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىك كۇسۇلداشلىرى غاپىل ئىنسانلارغا ئەقىدارلىقتەك بىلىنىپ قالىدۇ. ھالبۇكى، ئىنساننىڭ ئەسلى غايىسى ۋە ھەقىقي ئەقىلدارلىقى ئۆزىنى ياراتقان ئاللاھ تائالاغا تەسلىم بولۇپ، شەيتاننىڭ ھىلە ـ مىكىرلىرىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت.

يەنە مەۋلانا ھەزرەتلىرى، ئەقىلنىڭ سالاھىيەت چېگراسى سىرتىدىكى ھەقىقەتلەرگە قارىتا، پۈتۈن شۈبھە ۋە سوراق ئالامەتلىرىنى بىر تەرەپكە قويۇپ تۇرۇپ، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قەلبتىن مۇتلەق تەسلىم بولۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويغان: ”ئەقىل گەرچە دۇنيالىق ئىشلىرىمىزدا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسىمۇ ئەمما ماھىيىتى ئىجابىي ھەقىقەتكە، ئىلاھىي سىرلارغا يەنى مەرىپەتۇللاھقا نائىل بولۇشتا يېتەرسىزدۇر. بۇ ئۇلۇغ ۋە مۇشەققەتلىك سەپەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە بىر قاناتاش ۋاستىسى لازىم. ئۇ ۋاستە كۆڭۈلدۇر، ئىشقتۇر، مەپتۇنلۇقتۇر، ئاشىقلىقتۇر.“

ئەقىل تۈرمىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن نەپسىنى پاكلاپ، قەلبىنى ساپلاشتۇرۇش ۋە ئىلاھىي ھەقىقەتلەرگە سۆيگۈ بىلەن تەسلىم بولۇشتىن باشقا بىر يولنىڭ

يوقلىقىنى مۇھەممەد ئىقبال ئۆزىنىڭ بىر ھېكايىسىدە مۇنداق ئىپادىلەيدۇ: "بىر كېچىسى كىتابخانامدا بىر پەرۋانىنىڭ باشقا بىر پەرۋانىغا مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالدىم.

- ئىبنى سىنانىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئىچىگە ئىچكىرلەپ كىرىپ باقتىم، فارابىنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ كۆردۈم، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھېچ بىرىدە بۇ ھاياتنىڭ پەلسەپىسىنى چۈشىنەلمىدىم، بىر قۇياشىم يوقكى كۈنلىرىمنى يورۇتىدىغان."

پەرۋانىنىڭ بۇ پەريادىنى ئاڭلىغان ھېلىقى پەرۋانە ئۇنىڭغا جاۋابەن:

- ئۆزىنىڭ كۆيۈك قانىتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، قارا! مەن بۇ مۇھەببەت ئۈچۈن قانىتىمنى قۇربان قىلدىم، دەپ بولۇپ، - سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: "ھاياتنى جانلىق قىلىپ، روھلۇق تۇتۇپ تۇرىدىغان ئامىل، ئۆزىنى سىلكىپ تۇرۇش، سۆيگۈ ۋە مۇھەببەت ئىزھار قىلىش، ئەمما ھاياتنى قاناتلاندۇرۇپ، كۆككە كۆتۈرىدىغان ئامىل بولسا ئاشقتۇر!..."

يەنى پەرۋانە يەنە بىر پەرۋانىگە كۆيۈك قانىتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ھال تىلى بىلەن گۇيا: "سەن بۇ پەلسەپىنىڭ قاراڭغۇ كوچىلىرىدا ھالاك بولۇشتىن ئۆزۈڭنى قۇتقازغىن! مەسنەۋىينىڭ ئاشىق، مەپتۇنلۇق ۋە پەيزىگە توشقان مەنا دەرياسىدىن نېسىۋەڭنى ئېلىپ، ۋىسالغا ئاشىنا بولۇپ، قاناتلانغىن!.." دەۋاتاتتى.

مانا ئەقىل ۋە قەلبنى نۇرلاندۇرۇش، ئىلاھىي مەنبەدىن سىزىلغان ھەقىقەت نۇرلىرىنىڭ ئەتراپىدا ئىشقى-مۇھەببەت بىلەن پەرۋانە بولۇشنى، ئالى روھ ۋە ئۇستۇن غەيرەت بىلەن ھەرىكەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەقىلنىڭ قاراڭغۇ كوچىلىرىدىن چىقىپ، ھۇزۇر ۋە سائادەتكە ئېرىشىش بولسا، پەقەت بۇ غەيرەت بىلەن مۇمكىن بولىدۇ. ئەقىلنى يېتىشتۈرۈپ قەلبگە سەۋىيە قازاندۇرغان ھالدا ساغلام مەنتىق ۋە ئىلھام بىلەن پىشىپ يېتىلگەن بىر ئىنساننىڭ ئۇيۇقى، پانى ۋە نەپسانىي ھېرىس ۋە ئاچكۆزلۈك ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ ئەبەدىيلىككە ئېرىشىدۇ.

# روھنىڭ مۇھەببەت قاناتلىرى

ھەقىقىي مۆمىنىنىڭ ھايات كىتابىنىڭ ھەر بىر بېتىگە، ئەسلىدە ئىلاھىي مۇھەببەتنىڭ چوڭقۇرلاشقان ئەقىل-پاراسەت ۋە ھېكمەت دۇردانىلىرى تىزىلىشى كېرەك. ئەكسىچە بولغاندا، شاكالدىن مېغىزىغا ۋە سۈرەتتىن ھەقىقەتكە قايتىشى قىيىنغا توختايدۇ.

ئىمام خەتىپ مەكتىپى ئوقۇغۇچىلىق يىللىرىمىزدا پارس تىلى ئوقۇتقۇچىمىز يامان دەدە (ئابدۇلقادىر كەچە ئوغلى 1962-يىلى ۋاپات بولغان) دېگەن ئىدىكى: ”شۇ ھەقىقەتكە ئىشىنىمەنكى، يۇقىرىغا ئۆرلەش ئۈچۈن ئىشق (مۇھەببەت) ۋە ئىبادەتتىن ئىبارەت ئىككى قانات كېرەك، ئىبادەتسىز مۇھەببەت ياكى مۇھەببەتسىز ئىبادەت بىر تال قاناتتۇر.“

بىر قانات بىلەن ئۇچقىلى بولمايدۇ، ئۇنداقتا ئىمانىنى ئىبادەت بىلەن ھاياتىنى ئاشق بىلەن قاناتلاندۇرۇش لازىم. ھەققە بەندىچىلىك يولىنى مۇھەببەت بىلەن يورۇتۇپ، يەنە مۇھەببەت بىلەن بېزەشكە توغرا كېلىدۇ. زادى بۇ يولدىن باشقا كامالەت تېپىش يولى يوق.

شۇنىڭ ئۈچۈن ساھابى كىراملار ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ ئەمر-پەرمانىغا قارىتا ئەقلىنىڭ پۈتۈن شۈبھە توسالغۇلىرىنى يېڭىپ، ”سمعنا و اطعنا“ (ئىشىتتۇق

ۋە ئىتائەت قىلدۇق) دېگەن. شۇنىڭدەك ئاتا-ئانىمىز ساڭا پىدا بولسۇن ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!" دەپ، تەرەددۇتسىز، تولۇق تەسلىمىيەت بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا باش قويۇپ، جېنىنى پىدا قىلالىغان.

ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ رەسۇلى: "بۇ دەۋەت چاقىرىقىنى پادىشاھلارغا كىم يەتكۈزىدۇ؟" دەپ سورىغاندا ساھابە كىرام: "بۇنچە ئۇزۇن يولنى قانداق تۈگەتكىلى بولىدۇ؟ مىنىشكە ئۇلاغ، يېيىشكە ئوزۇق تەمىن قىلىنامدۇ، قىلىنمامدۇ، جاللاتلارنىڭ قىلىچى ئاستىدا، ئۇ ھاكاۋۇر ۋە تەكەببۇر پادىشاھلارنىڭ ئالدىدا بۇ چاقىرىقنى قانداق ئوقۇيالارمەن؟" دېگەندەك سوئال ئىشارەتلىرىنى كاللىسىغا قىلچە كەلتۈرمەي، چوڭقۇر ئىشتىياق ئىچىدە ئىتائەتمەنلىك بىلەن جانۇ-دىلىدىن خىزمەتكە بەس-بەستە مۇراجەتتە بولغان.

چۈنكى ئۇلار نەبەۋىي تەربىيە نەتىجىسىدە ئەقلىي دۇنيادىن ئەقلىي ئاخىرەت كۆنىگە ۋاقىپ بولغان ئارىپ بەندىلەر ئىدى. يەنى ئۇلارنىڭ ئەقلى ئىلاھىي ھەقىقەتلەر بىلەن پىشىپ يېتىلگەن، ئەقلىنى يالغۇز پانى ۋە نەپسانىي مەنپەئەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالماي، ئەكسىچە مەڭگۈلۈك ھايات ئالىمگە باغلىنىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشتەك ئىجابىي يول تۇتقان زاتلار ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ساھابە كىرام، بارلىق ماددىي ئىمكانىسىزلىقلار ئىچىدە تۇرۇپمۇ، ئۆزى ياشاۋاتقان

زامانىنى بىر ”ئەسرى سائادەت“ دەۋرىگە ئۆزگەرتىپ، پەزىلەتلىك مەدەنىيەت بارلىققا كەلتۈرگەن. چۈنكى شۇ بىر ھەقىقەتكى، ئىزتىراپ ۋە دەرد ـ ئەلەم بىلەن تاۋلىنىش باشقا بىر نەرسىدۇر. ھۇزۇرسىز بولۇش باشقا....

بەزى ئادەملەر تۈرلۈك مۇشەققەتلەرگە يولۇقسىمۇ، ئەمما قەلبى ھۇزۇر ئىچىدە ياشايدۇ. يەنە بەزى ئادەملەرنىڭ ھېچ قانداق ماددىي بىر قىيىنچىلىقى يوق، ئەمما روھىي جەھەتتىن خاتىرجەم ئەمەس، قەلبى داۋاملىق بىئارام، ھۇزۇردىن مەھرۇم. قەلبى قېتىپ، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشقا ئەسلا رايى بارمايدىغان قارا كۆڭۈل بولۇپ كېتىدۇ.

مانا سائادەت ئەسرىدىكى ساھابى كىراملارنىڭ ھاياتىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئۇ دەۋردە روھىي كېسەللىككە مۇبتىلا بولغان ياكى پسىخىكىسى بۇزۇلغان بىرمۇ مۇسۇلماننى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. ھېچ قانداق بىر ھەدىس ياكى رىۋايەتلەردە شۇ دەۋردىكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆز پسىخىكىسىغا مۇناسىۋەتلىك سوئال سورىغانلىقىنى ئۇچراتمايمىز.

دېمەككى، چوڭقۇر ئىمان ۋە خۇشۇ ئىچىدە ئادا قىلىنغان ئەمەل ـ ئىبادەت بىلەن ئۆتكەن ھايات، روھىي جەھەتتىن مۆمىنلەرگە داۋا بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئاخىرەتكە بولغان ئىمانى، دۇنيالىق پۈتۈن خاپىلىقلارنى ئۇنتۇشقا، ئۆتكۈنچى ۋە تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق بىر ئەھۋال دەپ قاراشقا ئېلىپ باراتتى. ئەڭ چوڭ ۋە ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە سىغىنىپ، ئىماننىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا

قانچە چوڭكۆكەنسىرى، روھىي جەھەتتىن شۇنچە ھۇزۇرغا ئېرىشەتتى.

جانابى ئاللاھۇ قۇرئاندا مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلارنى ماختاپ، ئۇلارنىڭ بۇ ئىمان مۇھەببىتىگە بولغان ساداقىتىنى، سەمىمىيىتىنى ۋە ئىتائەتمەنلىكىنى، ئاللاھقا بەندىچىلىك قىلىش بۇرچىنى ئادا قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى قىلىپ كۆرسەتمەكتە.

# ئەقىل ھەزرىتى مۇستاپاغا قۇربان بولسۇن!

بىز ھاۋايى ـ ھەۋەسىمىزدىن، ئەقلىمىزنىڭ دۇنيالىق ۋە نەپسانىي ھېساب ـ كىتابلىرىدىن ئاللاھ ئۈچۈن قانچىلىك ۋاز كېچەلىدۇق؟ بۇ ھەقتە داۋاملىق ئۆزىمىزدىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇشىمىز لازىم. تەۋھىد كۆرىشى قىلغان پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇخلىس ۋە سادىق ئۈممەتلىرىدەك، بىز ئۈممەتمۇ ھەق يولىدا دادىللىق بىلەن قەدەم ئېلىپ ماڭالىشىمىز ئۈچۈن ئىچىمىزدىكى بۇتلارنى يېقىتالىدۇقمۇ يوق؟ بۇنىڭغا قارىشىمىز كېرەك. ئايەت كەرىم ۋە ھەدىس شېرىپلەرنى، ئەقلىنىڭ تار دائىرىسى ئىچىدە ئۆلچەپ پىچىشقا يول قويماي، ساھابە كىراملاردەك چىن سۆيگۈ ۋە مۇھەببەت بىلەن "ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق" دېيەلىشىمىز، ھەزرىتى مەۋلانانىڭ تەبىرى بويىچە: "ئەقىل ۋە زېھنىمىزنى ھەزرىتى مۇستاپانىڭ ھۇزۇرىدا قۇربان قىلالىشىمىز لازىم."

نەجىپ فازىلدەك: "كۆزۈم، ئەقلىم، پىكرىم بار دېمە، ھەممىنى ئۆلتۈرگىن! ساڭا چۆل ـ باياۋاندا كۆرۈنگەن سەراپنى، ئۇ پەيغەمبەر كۆل دېگەن بولسا كۆل بىلگىن."

ياخشىلىقتىن بېشارەت بېرىپ، يامانلىقتىن ئاگاھلاندۇرغۇچى ئۇلۇغ پەيغەمبىرىم، سېنىڭ پرىنسىپىڭغا چۈشمىگەن پۈتۈن ھايات ئۆلچىمىنى تېپىمەن!

سەن ھەم ئىنسان، ھەم جەمئىيەت، ھەم بىنا، ھەم ئۇ بىنانىڭ ئۇلى، نېمە ئېلىپ كەلدىڭ؟ نېمە ئېلىپ كەتتىڭ؟ خەۋەرلىرىڭگە ئىشەندۇق!... دېگەن ھالدا، كائىناتنىڭ پەخرى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىمىزنىڭ مۇتلەق ئەگىشىدىغانلىقىمىزنى، بوي سۇنىدىغانلىقىمىزنى ئىپادىلىشىمىز كېرەك.

بۈيۈك ئىسلام ئالىمى ۋە مۇتەپەككۇرى ئىمام غەززالى مۇنداق دەيدۇ: "پەلسەپە تېمىسىدىكى ئىدراك، تەتقىقات ۋە تەنقىدلىرىمدىن كېيىن بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشىمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، قارىسام بۇ ئىلىمنىڭمۇ يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى، ئەقلىنىڭ يالغۇز ھەممە نەرسىنى چۈشىنىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ھەر مەسىلىنىڭ يۈزىدىكى پەردىنى ئاچالمايدىغانلىقىنى كۆردۈم."[39]

ئىمام غەززالىنىڭ ئەقىل ۋە مەرىپەت ساھەسىگە تۇتقان پوزىتسيەسىنى، نەجىپ فازىل قىسا كۆرەك ئۆزىنىڭ بىر ئەسەرىدە مۇنداق يازىدۇ: "ئىسلامنىڭ ھۆججىتى" نامى بىلەن تونۇلغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئىمام مۇھەممەد غەززالى، ئۆزىنىڭ ئىلمي، پىكري ۋە ئىدراكىي خىزمەتلىرىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، ھەقىقىي مەرىپەت ئىستىقامىتىگە يۈزلەنگەن چېغىدا مۇنداق دېگەن: "كۆردۈمكى، ھەر نەرسە پەيغەمبەرلەر پەيغەمبىرىنىڭ مەنىۋى پەيزىگە سىغىنىشتىن ئىبارەت بولۇپ، باشقىسى زادىلا يالغان ئىكەن، ۋەھمىي خىيالدىن باشقا ئىشقا

39. ئىمام غەززالىنىڭ دەرسلىرىدىن، كىتاب دۇنياسى نەشرىياتى، 127 ـ 128 ـ بەت.

يارىمايدىكەن. ئەقىل دېگىنىمىز ئۇ بىر ھېچ... پەقەتلا پاسىل!“ ئىكەن.

ئالەمدە مىسلى كۆرۈلمىگەن بۇ ئالىم شەخس، كالللىسىدىكى پۈتۈن سوئال بەلگىلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، پەيغەمبەرلەر پەيغەمبىرىنىڭ مەنىۋى پەيزىگە ئۆزىنى ئاتتى، يەنى چەكلىكنى تاشلاپ چەكسىزلىكنى تاپتى“[40].

شۇنى ئۇنۇتماسلىقىمىز لازىمكى، ئىنسان پەقەتلا ئەقىلگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى بۇتلاشتۇرۇۋالسا، ئەقلىنى يېگانە ھەقىقەت كومپاسى بىلىپ، غەپلەتتە قالسا، قەلبى ۋە روھىي پۈتۈن ئىدراك قاناللىرىنى ئۆز قولى بىلەن ئېتىپ تاشلىغان بولىدۇ. نەپسىنىڭ ئويۇنچىقى ۋە شەيتانىنىڭ مەسخىرىسى بولۇپ قالغان ئەقىل قەلبىنى قارايتىپ، روھىنى پالەچ ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

40. ۋەلىلەر ئوردۇسىدىن، بۈيۈك دوغۇ نەشرىياتى، 213 ـ بەت.

# ھەقىقەت ئەينىكى

ھەر ئىنسان مەنىۋى تەربىيە سۆزگىچىدىن ئۆتىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن نۇقسانلىرىنى كۆرۈپ تۇلۇقلىۋېلىشقا غەيرەت قىلالىشى ئۈچۈن ئۆز ھالىنى كۆرەلەيدىغان بىر ھەقىقەت ئەينىكىگە ئېھتىياجى بار.

بۇ ئەينەك ئەڭ ئاۋۋال قۇرئان ۋە سۈننەت، ئاندىن قالسا، ساداقەت بىلەن ئاللاھ رەسۇلىنىڭ ئىزىدىن ماڭغان ئەھلى-ئۆلىما، فەقىھ-فۇقەھا ۋە ئارىپ زاتلاردۇر. ئىنسان ئۇلارنىڭ تەبلىغ ۋە ئىرشادى بولماي تۇرۇپ، ئەقلىنى ساغلام ۋە توغرا ئىشلىتەلمەيدۇ، نەپسىنى ھاۋايى-ھەۋەس كىرلىرىدىن، قەلبىنى مەنىۋى كېسەللىكلەردىن قوغدىيالمايدۇ.

ھەزرىتى مەۋلانا "مەسنەۋى" دېگەن ئەسىرىدە بۇ مەسىلىنى غايەت گۈزەل شەكىلدە مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ: "يول بىلىدىغان پىرىي زاتلار، نەپس ۋە بەدەن باغلىرىغا ئېرىق ئېچىپ، ئەخلەت-چۆپلەرنى سۇ بىلەن ئېقىتىپ تازىلايدۇ.

مەينەت سۇ بىلەن نىجاسەتنى پاكىزلىغىلى بولامدۇ؟ ئىنسان ئۆزىنىڭ بىلىمى بىلەن ئۆزىدىكى ناچار ھېسسىياتلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىيالامدۇ؟

ئادەم ئۆزىنىڭ تېرىسىنى ئۆزى سويالامدۇ؟ ئىنسانىنىڭ بىلىمى يالغۇز ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن پەيز ئالغاندىلا ئاندىن پايدىلىق بولالايدۇ.

ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى كۆرەلەيدىغان كىشى، پىشىپ يېتىلىشكە ۋە كامالەت تېپىشقا چاپقۇر ئاتتەك ئالدىرايدۇ. ئۆزىنى كامىل بىلىدىغان نادان بولسا، جاھالەتلىك ئاللاھقا (ئۇ ھاكاۋۇر ۋە كىبىرلىك گۇمانى سەۋەبلىك) يۈزلىنەلمەيدۇ.

ئى ئۆزىنى ”مەن كامىل“ دەپ قارايدىغان ئەخمەق ئادەم! (شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى ئىنساننىڭ) روھىدا ئۆزىنى ”كامىل“ دەپ بىلىشتىن تېخىمۇ يامان بىر ئىللەت يوق!“

شۇڭلا ئەقلىنىڭ قاراڭغۇ زىندانلىرىدىن سالامەت چىقىۋېلىش ئۈچۈن قۇرئان ۋە سۈننەت تەربىيەسى ئېلىپ، ئىلاھي ۋە نەبەۋىي بايانلارنى ئەقىل ۋە قەلب مۇڭى بىلەن ئوقۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەقلىنىڭ ئىنسان، كائىنات ۋە بۇلارنىڭ ماھىيىتىگە مۇجەسسەملەشكەن ھەقىقەتلەرنى قېزىپ، كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەڭ ئىنكىمىز بولغان قۇرئان ئۈستىدە قىلغان تەپەككۇر ھاسىلاتى، خۇددى تۇپراقتىن چىقىرىلغان خام مەدەن ماھىيىتىدە بولۇپ، بۇ خام ماددىلارنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ئاساسلىق ئامىل، ھەقىقەتتە ئىمان مۇھەببىتى بىلەن تولغان قەلبتۇر.

قەلب ھېسسىياتنىڭ يەنى ھېس-تۇيغۇلارنىڭ مەركىزىدۇر. ئاللاھتىن باشقىسىدىن تازىلىنىپ، مەنىۋى

سەۋىيەگە ئېرىشكەن بىر قەلب، ئۆزىنىڭ "ھەدىس،[41] ئىلھام، سەنۇھات[42]" دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن سالاھىيەت ۋە كۈچ ـ قۇدرىتىنى، ئەقىل تەقدىم قىلغان دەلىللەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، خۇددى چېقىلىپ كەتكەن كوزىنىڭ پارچىلىرىنى توپلاپ، بۇرۇنقى كوزىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندەك، ھەقىقەتنىڭ كامىل مەنىدە ئىدراك قىلىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

ھەقىقەتەن، قۇرئان كەرىم قەلبنىڭ سەۋىيەسى نىسبىتىدە چوڭقۇرلىشالايدىغان تەگسىز ئوكياندۇر. قانداقكى، سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدىغان بىرى، تېيىز ۋە دولڭ سۇلاردا غۇلاچ بېسىپ سۇغا چۈشسە، غەۋۋاسلار دېڭىزنىڭ تەكتىدە، باشقىلار كۆرەلمىگەن ئاجايىپ مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلغىنىدەك، تەقۋالىقتا قەلب دېڭىزىغا چۆكۈپ چوڭقۇرلاشقانلارمۇ، قۇرئاننىڭ ھېكمەت دۇردانىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ھەقىقي مەنىدە پەيز ئالالايدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ چوڭقۇر ھەقىقتى بىلەن چوڭقۇرلاشقان بىر قەلبنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى چەكسىزلىشىدۇ، ھەيرانلىق ۋادىلىرىنىڭ يولۇچىسى بولۇپ، مەرىپەتۇللاھتىن بەھرىمەن بولۇشقا ئىنتىلىدۇ.

قىسقىسى، ھەققە ۋە ياخشىلىققا يېتىشنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ئىپادىسى، ئەقىلنىڭ ۋەھيي بىلەن تەربىيەلىنىشى ۋە ئەقىلنىڭ كۈچى يەتمىگەن ۋە چارىسىز قالغان نوقتىلاردا، ئىمان كامالىتىگە ئىگە قەلبنىڭ

41. بىۋاستە سېزىش
42. ئەقىلگە، خاتىرىگە كەلگەن، ئىچىدىن چىققان شەيئىلەر

ھەرىكەتكە كېلىپ، ئەقىلنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلىشى بىلەن نامايان بولىدۇ. قەلبى ھايات ۋە ئۇنىڭ مەنىۋى سېزىمى ۋە تۇيغۇنلۇقى بولماي تۇرۇپ، پەقەت ئەقىل بىلەنلا ئەبەدىي ھەقىقەتلەر ئالىمىگە ئۆتكىلى بولمايدۇ.

نەجىپ فازىلنىڭ ئىپادىلىرىدە ھەقىقەتنى ئىدراك قىلىشتا، ئەقىل ۋە قەلبىنىڭ فونكسىيۇنلىرىغا مۇنداق ئىشارەت قىلغان: "ئەقىل، ئۆلچەش زابچاسلىرىنى يۈدۈۋالغان بىر ھامماللغا ئوخشايدۇ. سېزىش، تۇيغىنى كۆزىتىدۇ. تۇيغۇ، چۈشەنچىدىن بۇرۇن ھاسىل بولىدۇ. چۈشەنچە ھاسىل بولغاندىن كېيىن ئەقىل ئۆلچەشكە باشلايدۇ. ھەممە نەرسىنى باشتا خاتىرىمىزدا ئىدراك قىلىمىز، بۇ بىۋاستە سېزىم ياكى بىۋاستە كۆزىتىش بىلەن بولىدۇ، ئەقىل بىلەن ئەمەس، قەلب بىلەن يەنى روھ بىلەن بولىدۇ. ئەقىل روھنىڭ ئارقىسىدىن كېلىدۇ. ئۇلارنى مىقدار ۋە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆلچەيدۇ." [43]

ئەقىلنىڭ يالغۇز ئۆزىلا يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەن بەزى پەيلاسوپلارمۇ، ھەقىقەتنى تېپىش يولىدا باشقا ۋاستىلەرنى ئىزدەش بىلەن بولۇپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ بەزىسى ھېس بىلەن بەزىسى سەزگۈ بىلەن، يەنە بەزىسى ئىرراتسىيونال[44] ساھەلەر بىلەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش يولىنى تاللىغان.

43. غەرب تەپەككۇرى ۋە ئىسلام پەلسەپىسى، 85 ـ 86 ـ بەت
44. ئىرراتسىئونال - پۈتۈن سان بىلەن ئۆلچىگىلى، ئىپادىلىگىلى ياكى ھېسابلىغىلى بولمايدىغان تەڭلىمە ياكى تەڭسىزلىك

بۇلاردىن بىرى، فرانسىيەلىك پەيلاسوپ ھېنرى بېرگسون (1859ـ يىلى تۇغۇلۇپ 1941ـ يىلى ۋاپات بولغان) بولۇپ، ئۇ، ئاڭ ياكى بىۋاستە سېزىم دېگەن كەيپىياتنىمۇ ھەقىقەتكە يېتىشتە بىر ۋاستە دەپ، قارىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قارىشى بىلەن ئەقلنى ئاساس قىلغان پەيلاسوپلار ئارىسىدىكى ئىستىسنالاردىن (ئايرىم) بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ.

لېكىن بىر نەچچە تال چېچەكنى كۆرۈپ، باھار كەلدى دېگىلى بولمىغىنىدەك، پەلسەپىدىن ئىنسانىنىڭ ھەقىقەت ئىزدىنىشىنى تويغۇزغۇدەك دەرىجىدە، قايىل قىلارلىق جاۋاب كۈتكىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە "Bergson" ئىسلام مەدەنىيىتىگە ۋاقىپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆز نەزەرىيەسىنى تاماملىيالمىغان. چۈنكى ئۇنىڭ قولىدىكى ئاساس، يەنى ئىنجىل قۇرئاندەك ئاللاھ تەرىپىدىن بىۋاستە قوغدالمىغانلىقى ئۈچۈن بىر نەچچە قېتىم بۇرمىلىنىپ، ئەسلىيلىكىنى يوقاتقان.

بۇنىڭدىن سىرت ۋەھيىنى چەتكە قېقىپ، پەقەت ئەقىل ئاساسىدا ھەقىقەتنى ئىزدەيدىغانلار، قانداقكى تۈرلۈك زالالەتكە كىرىپ قالغان بولسا، شۇنىڭغا ئوخشاش ۋەھيىنىڭ روھىدىن چەتنەپ كەتكەن، ۋەھىنىڭ يول كۆرسىتىشىدىن ئۇزاق ھالدا قىلىنغان رىيازەت ۋە تىرىشچانلىقلار، كەشىپ ۋە ئىلھاملار ھەممىسى ئوخشاشلا خەتەر ئاستىدا. چۈنكى بۇ كەشىپ ۋە ئىلھاملار ئاللاھ تەرىپىدىنمۇ ياكى شەيتان تەرىپىدىنمۇ، بۇنى بىلىش

پەقەت يەنە ۋەھىينىڭ رەھبەرلىكى بىلەن ئېنىق بولىدىغان مەسىلىلەر قاتارىدىندۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام راببانى ھەزرەتلىرى مۇنداق ئاگاھلاندۇرغان: ”رىيازەت ۋە نەپسكە قارشى كۆرەش يولىمۇ خۇددى ئەقىل يولىغا ئوخشايدۇ. قانداقكى پەيغەمبەرلەرنىڭ رەھبەرلىكى سىرتىدىكى ئەقىل ۋە پىكىر ھەقىقەتكە يېتەكلىيەلمىگىنىدەك، رىيازەت ۋە نەپسى بىلەن بولغان كۈرەشمۇ ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرالمايدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىلمى ۋە بىلىمى ھەممىسى ئەڭ ئىشەنچلىك، ئەمىن ۋە مەسۇم (گۇناھسىز) پەرىشتىلەر ۋاستىسى بىلەن ئاللاھتائالا تەرىپىدىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بىلىمى شەيتانىنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشىدىن خالىيدۇر. چۈنكى رەببىمىز شەيتان ھەققىدە «مېنىڭ بەندىلىرىمگە (يەنى ئۇلارنى ئازدۇرۇشقا) سېنىڭ كۈچۈڭ يەتمەيدۇ، پەقەت گۇمراھلاردىن ساڭا ئەگەشكەنلەرگىلا (سېنىڭ كۈچۈڭ يېتىدۇ)»[45] دېگەن ھالدا پەيغەمبەرلىرىنى كۈچلەندۈرگەن.“[46]

45. سۈرە ھىجر، 42ـ ئايەت

46. ئىمام راببانى، مەكتۇبات، 3ـ توم، 23ـ مەكتۇب

# زىيالىيلارنىڭ ئىلاجىسىزلىقى

پۈتۈن بۇ ھەقىقەتلەرگە قارىماي، كۆنىمىزدە پەلسەپىنى ئەڭ ئۇلۇغ ئىلىمدەك كۆككە كۆتۈرۈپ، ۋەھيي ۋە سۈننەتكە تۇتىشىدىغان ئىلىملارنى ھېسابقا قاتمايدىغان قاتمال خاھىش، بىر قىسىم شەرقشۇناس دىنىي تەتقىقاتچىلار ئارىسىدىمۇ كەڭ بازار تاپقانلىقىغا ئەپسۇسلانماي تۇرالمايمىز.

پانى (يەنى ئۆلۈپ كەتكەن كونا)لارنىڭ پەلسەپىسىنى ئوقۇمىغان ھەر قانداق دىنىي ئالىم، بۇ ئۇلۇغ شەرقشۇناسلارنىڭ نەزىرىدە ناقىس ۋە جاھىل كۆرۈلمەكتە.

پەلسەپىگە "ئىلىملەرنىڭ ئالى مەھكىمىسى" نامىلىق ئىسىمنى تاقاپ، ئاددىيلىق تۇيغۇسىنى يېپىپ، ئۇلۇغ ۋە ئۈستۈن كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇشتەك تىرىشچانلىقلار ئەۋج ئالماقتا.

ۋەھيىنى ئەقىل تەپەككۇرىنى توڭلىتىپ قويىدۇ دېگەندەك، قەستەن ياكى سەۋەنلىك بىلەن ئىچى تامامەن بوش تۆھمەت ۋە گۇمانلار ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا.

ئىنسانىي ماقام ۋە ئىلمىي ئۇنۋانلىرى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، بۇ خىل غەپلەت ۋە جاھىللىق ئەربابلىرىغا ھەزرىتى مەۋلانا ئەسىرلەر بۇرۇن مۇنداق

جاۋاب بەرگەن: ”ئەگەر بۇرنۇڭ پۇراق ھېس قىلالمىسا، ھېچ بولمىغاندا گۈلدىن نوقسان ئىزدىمە“، يەنى قۇرئان كەرىمنىڭ چەكسىز ھېكمەت ۋە ھەقىقەتلەر بىلەن تولۇپ تاشقان تەپەككۇر ئىقلىمىغا كىرەلمىسەڭ، ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭدىن ئەيىب ئىزدەشتەك غەپلەتكە چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلانغىن، توغرىسى خاتانى ئۆزۈڭدىن ئىزدىگىن دېگەنلىكتۇر.

شۇ بىر ھەقىقەتكى، ئۆزىنىڭ نادانلىقى، جاھىللىقىنى چۈشىنىدىغانلارنى يولغا سېلىش ئاسان، قىيىن بولغىنى ئۆزىنى ئالىم-ئۆلىما ھېسابلاپ، ”مەن بىلىمەن“ دەپ، گەپ يېمەيدىغان جاھىللارنى يولغا كىرگۈزمەك تەس. ھەقىقەتەن بەدىئۇززامان ھەزرەتلىرىنىڭ شۇ سۆزلىرى بۇ ھەقىقەتنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويىدۇ: ”بۇرۇنقى زامانلاردا زالالەت جاھالەتتىن كېلەتتى. بۇنى يوقىتىش ئاسان ئىدى. ئەمما بۈگۈنكى كۈندە ئازغۇنلۇق قۇرئان، ئىسلام ۋە ئىمانىنى پەن، پەلسەپە ۋە ئىلىمگە تامامەن زىت كۆرسىتىدىغانلاردىن كېلىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش قىيىنغا توختايدۇ. بۇرۇنقى زامانلاردا ئىككىنچى خىل ئىنسانلار مىڭدا بىر ئۇچرايتتى، ئۇچرىغانلىرىنىڭ ئىچىدىمۇ مىڭدە بىرى تەبلىغ ۋە ئىرشاد بىلەن يولغا كىرەتتى. چۈنكى ئۇنداق ئادەملەر ھەم بىلمەيدۇ، ھەمدە ئۆزلىرىنى بىلەرمەن دەپ، ئويلايدۇ.“[47]

47. سەئىد نۇرسى ئەسەرلىرى، سۆزلەر، 752-بەت.

ئەمەلىيەتتە جانابى ئاللاھ بىلەرمەنلىكى بىلەن ھاكاۋۇرلۇقى ئېشىپ، ئىلمىي جەھەتتىن بولمىسىمۇ، خۇي ۋە ئەخلاق جەھەتتە جاھالەتكە كىرىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ ئالىملىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشىتىپ مۇنداق دېگەن: «تەۋراتنى كۆتۈرۈشكە (يەنى ئەمەل قىلىشقا) تەكلىپ قىلىنغان، ئاندىن ئۇنى كۆتۈرمىگەنلەر (يەنى تەۋرات بېرىلگەن ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا تەكلىپ بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغان ۋە ھىدايەتتىن پايدىلانمىغان يەھۇدىيلار) خۇددى كىتاب يۈكلەنگەن ئېشەككە ئوخشايدۇ (يەنى پايدىلىق چوڭ - چوڭ كىتابلارنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان، چارچاشتىن باشقا، ئۇلاردىن ھېچقانداق پايدىلىنالمايدىغان ئېشەككە ئوخشايدۇ)، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان قەۋمنىڭ مىسالى نېمىدېگەن يامان! ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.»[48]

ئەقلىنى ۋەھيىنىڭ ئالدىغا قويۇۋالىدىغان غەرب مەنبەلىك زىيالى تەمتىرىگەكلەرنىڭ بەزى تېئولوگىيە، يەنى ئىلاھىيات فاكولتېتىغا ئېقىپ كىرگەن بىر باشقا نامايەندىسى بولغان ”تارىخچىلىق“ پەيتىنىسىمۇ، بۇ خۇسۇستا ئەڭ كۆپ دىققەت تارتقان ئالاھىدە بىر مەسىلىدۇر.

بۇ گورۇھمۇ قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ”ئالەمشۇمۇل“ خاراكتېرىنى ئىنكار قىلىپ، تالاش-تارتىشقا سورۇن

48. سۈرە جۇمە، 5 ـ ئايەت

تەييارلىماقتا. شۇنىڭدەك قۇرئانىنىڭ بەزى ھۆكۈملىرىنىڭ نازىل قىلىنغان زامان ۋە ماكانىغىلا خاس ئىكەنلىكىنى، يەنى پەقەتلا ئەرەب مىللىتى ۋە ئەسرى سائادەت مۇسۇلمانلىرى بىلەن چەكلىنىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىش بىلەن دەھشەتلىك بىر ئېتىقادىي زىددىيەتكە يول ئاچماقتا.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇلار جانابى ئاللاھنىڭ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىگە بەرمىگەن سالاھىيەتنى ئۆزلىرىگە لايىق كۆرۈپ، دىنىنىڭ ئۆزگەرمەس پىرىنسىپلىرىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشتەك جۈرئەتتە بولماقتا.

توغرا، ئىسلام شەرىئىتىدە، زامانىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەت ئاساسىدا سالاھىيەت ئىگىلىرىنىڭ ئەقىل ئىشلىتىپ، ئىجتىھات قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنغان. ئەمما بۇ سالاھىيەت مۇجتەھىد دەرىجىسىگە يەتكەن ھەقىقىي ئالىم ۋە پۇقەھا (فىقھىچى)غا خاستۇر. لېكىن مەيلى قۇرئاندا بولسۇن ياكى سۈننەتتە بولسۇن قەتئىي ناس (ئېنىق تېكىست) تېپىلغان مەسىلىلەردە ئىجتىھادقا ئۇرۇن يوق. مەسىلەن، مىراس مەسىلىسىدە ناس قەتئىي بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىجتىھات قىلىنمايدۇ.

تارىختىن بۇيان ئىسلام ئالىملىرى، پەيلاسوپلار ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئەقىل ۋە نەقىلنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ھەرخىل قاراشلار ئوتتۇرىغا چىققان.

تارىخچىلارنىڭ نەزىرىدە بۇ خۇسۇسلارنىڭ ھەممىسى مۇنازىرە ۋە تالاش-تارتىش قىلىنىشى كېرەك. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ جاھىللارچە جاسارىتى ئۆز ۋاقتىدا تەۋرات ۋە

ئىنجىل ھەققىدە يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنىڭ ئىلىپ بارغان بۇرمىلاشلىرىنى ئەسلىتىپ قويىدۇ.

ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئەمىر ۋە نەھىيلىرى ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئەسلا ئۆزگەرمەيدىغان خاراكتېرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىگە قارىتا بەلگىلەنگەن. بۇ ھۆكۈملەر ئەسىرى سائادەتتىن باشلاپ، پۈتۈن زامان ۋە ماكانىنىڭ ھەممىسىدە پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىغا جاۋاب بېرەلەيدىغان دەرىجىدە كامىل ۋە مۇكەممەلدۇر.

بۇ سەۋەبلىك قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكمى ئەسلا كونىراپ قالمايدۇ، ئەھمىيىتىنى يۇقاتمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ پۈتۈن ھاجەتلىرىنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ھەل قىلىش خۇسۇسىيىتىنى داۋاملىق ساقلايدۇ. شۇڭا، قۇرئان ھۆكۈملىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ "تارىخىي" يەنى مۇييەن بىر زامان ۋە ماكانغا ئائىت ئىكەنلىكىنى ئېيتىش، كۇپۇرغا ئېلىپ بارىدىغان بىر ئازغۇنلۇقتۇر.

چۈنكى جانابى ئاللاھ ۋاقىت ۋە شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئوتتۇرىغا چىققان ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە مەسىلىلەر كۆرۈلگەندە، پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىپ، ئۆزگەرمەس ئىمانىي ۋە ئېتىقادىي ھۆكۈملەر بەلگىلەپ، زاماننىڭ ئېھتىياجلىرىغا ئاساسەن چىققان مەسىلىلەر ئۈچۈن شەرىئەت قانۇنلىرى تۇرغۇزۇپ بەرگەن. بۇ ئۆزگەرمەس بەلگىلىمە ۋە شەرىئەت كۆرسەتمىلىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاخىر زامان پەيغەمبىرى قىلىپ ئەۋەتكەن. بۇ سەۋەبلىك ئۇ ئېلىپ كەلگەن شەرىئەت قىيامەتكە قەدەر كېلىدىغان

پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىغا جاۋاب بېرەلەيدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە.

بۇنىڭ ئەكسىنى دەۋا قىلىش، پۈتۈن ئىنسانلارنى يوقتىن ياراتقان ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان، چەكسىز ئىلىم، تەگداشسىز قۇدرەت ئىگىسى بۈيۈك ئاللاھنى ئىنكار قىلىش ياكى ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنى تونىماسلىقتەك خەتەرلىك ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ خۇددى ئىبلىسنىڭ ئۆزىنى ياراتقان رەببى بىلەن جېدەللەشكىنىگە ئوخشاش بىر ئەخمەقلىق بولۇپ، باشقا ئىشقا يارىمايدۇ.

شۇ سەۋەبلىك، جانابى ئاللاھ ئاتا قىلغان ئەقىل بىلەن يەنە ئۇ زاتنىڭ ھۆكۈملىرىنى مۇنازىرە قىلىشقا ئۇرۇنۇشتىنمۇ بىھۇدە ئىش بولمىسا كېرەك. بۇنىڭدەك ئەخمەقلىق قىلغانلارغا مونۇ ئايەت كەرىمنى ئەسلىتىشكە توغرا كېلىدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئاللاھقا دىنىڭلارنى (يەنى دىنىڭلارنى دىلىڭلارنىڭ تەستىق قىلغانلىقىنى) خەۋەر قىلامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئاللاھ ئاسمانلاردىكىنى ۋە زېمىندىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر»[49] ۋە «كېيىن سىلەر (ئەھدىنى بۇزۇپ) بىر - بىرىڭلارنى ئۆلتۈردۈڭلار، ئىچىڭلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقاردىڭلار، گۇناھ ۋە دۈشمەنلىك قىلىش بىلەن، ئۇلارنىڭ قارشى تەرىپىدىكىلەرگە ياردەم بەردىڭلار، ئۇلار

49. سۈرە ھۇجۇرات، 16 ـ ئايەت

ئەسىر چۈشۈپ كەلسە، فىدىيە بېرىپ قۇتقۇزۇۋالىسىلەر، ھالبۇكى، ئۇلارنى يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىش سىلەرگە ھارام قىلىنغان ئىدى (يەنى بىر - بىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىشنى راۋا كۆرىسىلەر، ئۇلارنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ قولىدا بولۇپ قېلىشىنى راۋا كۆرمەيسىلەر). سىلەر كىتابنىڭ (يەنى تەۋراتنىڭ) بىر قىسىم ئەھكاملىرىغا ئىشىنىپ، بىر قىسىم ئەھكاملىرىنى ئىنكار قىلامسىلەر؟ سىلەردىن شۇنداق قىلغانلارنىڭ جازاسى پەقەت ھاياتىي دۇنيادا خارلىققا قېلىش، قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابقا دۇچار بولۇشتۇر. ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر.»[50]

شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ مۇنداق دېگەن: «قۇرئان شۇنداق بىر ئىلاھىي كالامدۇركى، ئۇ يۈز بېرىدىغان ھەر قانداق پىتنىدىن ئىنسانىي سالامەتكە ئېلىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭدا سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ خەۋىرى ۋە سىلەردىن كېيىنكىلەرنىڭ ئەھۋالى، شۇنىڭدەك ئىنسانلار ئارىسىدا مەيدانغا كېلىدىغان ھادىسىلەرنىڭ ھۆكۈملىرى بار. ئۇ ھەق بىلەن باتىلنى بىر-بىرىدىن ئايرىيدۇ. ئۇنىڭدا ئەھمىيەتسىز ھۆكۈملەر يوق، ئۇنى تاشلىغان ئازغۇننى جانابى ئاللاھ ئۆزى ھالاك قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا توغرا يول ئىزدىگەنلەرنى ئاللاھ زالالەتكە تاشلايدۇ...»[51]

50. سۈرە بەقەرە، 85-ئايەت
51. تىرمىزى، پەزائىلۇل قۇرئان

كۆنىمىزدە دىنىي ساھەدە ئوتتۇرىغا چىققان پۈتۈن بۇ پىتنىلەر، جەمئىيەتنىڭ ئاجايىپ چوڭ پىتنە-پاسات ۋە جاھالەتكە تولۇپ كەتكەنلىكىنىڭ روشەن ئالامىتىدۇر. ئەسلىدە بۇ پىتنىلەرنىڭ دانىشمەنلىرى قۇرئان ھەققىدە لايىقىدا تەپەككۇر قىلمىغان، بىرەر تەپسىر ياكى بىرەر ھەدىس كىتابىنى تولۇق ئوقۇمىغان، ساغلام بىر دىنىي چۈشەنچىگە ئىگە بولمىغان، يۈزەكى كۆز يۈگۈرتۈپ قويۇش بىلەن ئىلمىنى كەسپكە ئايلاندۇرۇۋېلىپ، ئەللامە تونىغا ئورىنىۋالغان ناكەسلەردۇر. ئۇلارنىڭ بازارغا سالغان پىكىر-قاراشلىرى، ئادەتتە ئۆزلىرىنىڭ باتىل ئىدىيەلىرىگە نەپسانىي ۋە غەرەزلىك ھالدا چاپان ياپقانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. چۈنكى ئۇلار قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس-شېرىپ ھەققىدە لايىقىدا تەپەككۇر قىلالىغان بولسا ئىدى، بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ ئەسلا ئۇلار ئويلىغاندەك ئەمەسلىكىنى كۆرگەن بولاتتى. ئەمەلىيەتتە جانابى ئاللاھ قۇرئاندا ئوخشاش بولمىغان پېئىل تۈرلىرى بويىچە 137 ئورۇندا، بىز بەندىلەرنى ئىلاھىي ھېكمەت ۋە ھەقىقەتلەر ئۈستىدە تەپەككۇرغا دەۋەت قىلماقتا. بۇنىڭ ئۈستىگە ۋەھىيدىن مەھرۇم بىر ئەقىلنىڭ، قانچە مىڭ يىللىق تەپەككۇر مەھسۇلى بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنسانغا قاراتقان تەپەككۇر ئۇپۇقىغا يېتىش ئىمكانىيىتى يوق.

ئىنسانلارغا رەھبەرلىك قىلىدىغان ھەر قانداق بىر ئىسلام ئالىمىدىن ۋە دەۋەتچى ئۇستازلاردىن ئادەتتە تەپەككۇردا چوڭقۇرلىششى، ئەقلىي مۇھاكىمە سەۋىيەسىنى

ئۆستۈرۈشى، ئىلمىي تەتقىقات ئۇسۇللىرىنى مەنتىق، ماتېماتىكا، سىياسەت، ئەخلاق، جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە پسىخولوگىيەگە ئوخشاش ئىلىملەر بىلەن كۈچلەندۈرۈشى تەلەپ قىلىنىدۇ. يەر يۈزىدىكى پىكرىي ۋە پەلسەپۋى ئېقىملارنىڭ ماھىيىتىنى ئۆگىنىپ، كېرەك بولغاندا ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى، ئىلمىي ئاساستا، قايىل قىلارلىق جاۋاب بېرەلەيدىغان ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشى شەرت قىلىنىدۇ. قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ تەپەككۇرى بىلەن يىلتىز تارتقان ئىمانغا ئىگە زاتلارنىڭ، ھەر قانداق باتىل پىكىر ۋە خاتا چۈشەنچىلەردىن مەلۇماتلىق بولىشى، ئۇلار بىلەن كۈرەش قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئىمانىنى تەۋرىتىپ، ئەقىدىسىنى زىدىلىيەلمەيدۇ. ئەكسىچە ھەقىقەتنى ئىدراك قىلغان ھەقىقىي بىر مۇسۇلمان، ئىسلامنىڭ سىرتىدىكى ئىدىيىۋىي قاراش ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ ئاساسى چۈرۈك، مەنبەسى ئاجىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىسلام دۇنيا قارىشىنىڭ قانچىلىك ساغلام ۋە كۆركەم ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ياخشى ئىدراك قىلىدۇ. بۇ قايىللىق كىشىنىڭ ئىمانىنىڭ تېخىمۇ كۈچلىنىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. چۈنكى ھەقىقەت زىددى بىلەن تېخىمۇ روشەن نامايەن بولىدۇ.

نەجىپ فازىل مۇنداق دەيدۇ: ”ئەڭ گۈزەل ئىمان مۇھىيددىن ئىبنى ئەرەبى ئېيتقىنىدەك، كۇپۇرنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسىنى بىلىپ، ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىماندۇر. كۇپۇرنىڭ ھەقىقىي مەنبەسىنى تونۇش ھەر كامىل مۆمىنىنىڭ بۇرچىدۇر. دېمەككى ھەقىقىي بىر مۇسۇلمانىنىڭ ”مەن كوممۇنىست دۈشمىنى!“ دەپ قويۇشى بىلەن

مەسىلە ھەل بولمايدۇ. ئۇنىڭ پىرىنسىپىنى، ماھىيىتىنى چۈشىنىشى لازىم.“[52]

ماھىر بىر غەۋۋاس تەگسىز دېڭىزلارنىڭ تېگىگە چۆكۈپ، ئاجايىپ مەنزىرىلەرنى كۆرەلەيدۇ. سىركولنىڭ پۇتىدەك مۇستەھكەم بىر پۇتى شەرىئەتتىن تېيىپ كەتمىگەن ساغلام ۋە سەۋىيەلىك بىر مۆمىننىڭ، يەنە بىر پۇتى بىلەن 72 مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى ساياھەت قىلىپ چىقىشىنىڭ بىر زىيىنى يوق. زىيان تارتىدىغانلار سۇ ئۈزۈشتىن خەۋىرى يوق، ئۈلىسىز دېڭىزغا موللاق ئاتقانلار، يەنى قۇرئان ۋە سۈننەت مەدەنىيىتىنى لايىقىدا ھەزىم قىلالماي، دىيالېكتىك تېخنىكلار بىلەن پەردازلانغان باتىل پىكىرلەرگە يولۇقۇپ، ئۇلارنى ھەقىقەت گۇمان قىلىش ياكى باتىلغا قىزىقىپ قېلىشتەك ئەھۋاللاردىن ساقلىنالمىغان زىيالىيلاردۇر.

بۇ خۇسۇستا ئىمام غەززالى مۇنۇ ئاگاھلاندۇرۇشنى قىلغان: ”ئەقىل-ھوشى جايىدا ئادەم، قىلىنغان سۆزنى مۇلاھىزە قىلىدۇ، سۆز قىلغۇچى كىم بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئايرىپ ئولتۇرمايدۇ، توغرىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، خاتاسىنى رەت قىلىدۇ، ئاخىرىدا ھەقىقەتنى تاپىدۇ. ئۇلارنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ئازغۇنلارنىڭ سۆزلىرىگە ئارىلىشىپ قالغان بىر، ئىككى توغرا جۈملىلەرنى سۈزۈۋېلىپ، پايدىلىنىشنى ئالاھىدە ئىشتىياق بىلەن ئارزۇ قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئالتۇن مەدەنلىرىنىڭ قۇم ۋە تۇپراق

---

52. غەرب تەپەككۇرى ۋە ئىسلام تەسەۋۋۇپى، 69-بەت

ئارىسىدىن چىقىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. جىنىڭ ئالتۇن بىلەن ساختىسىنى پەرقلەندۈرۈشكە ئۇستا ۋە ھىلىگەر سەرراپنىڭ، يەنى ئالتۇن سودىگىرىنىڭ چۆنتىكىگە قولىنى سېلىپ، ساختا ئالتۇننىڭ ئارىسىدىن جىنىڭ ئالتۇننى پەرقلەندۈرۈپ ئېلىشى، سەرراپنىڭ پايدىسىغا بولۇپ، زىيان تارتىدىغىنى يەنىلا جاھىل خەلق بولىدۇ.

قەسەم بىلەن ئېيتىمەنكى، كۆپىنچە زىيالىيلار ھەق بىلەن باتىلنى، توغرا بىلەن خاتانى ئايرىشتا ئۆزلىرىنى ئاجايىپ ئەقىللىق ۋە ئۇستا دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇمكىن قەدەر باشقىلارنى ئازغۇن ۋە ۋەھىينىڭ روھىدىن ئۇزاق شەخسلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇشتىن ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىشىمىز كېرەك.“[53]

بۇ ئىپادىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، پەلسەپە بىلەن مەشغۇل بولۇشنىڭ ئەڭ چوڭ كەمچىلىكىدىن بىرى پەلسەپە قاراشلىرىنىڭ توغرىغا ئارىلىشىپ قالغان خاتالىرىنى ئىلغىماي، ئېتىقادىي جەھەتتىن خاتالىشىپ كېتىشتۇر. ھەقىقەتەن كۆنىمىزدە شەرقشۇناسلارمۇ ئىسلام دىنى توغرىسىدا ئىزدىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ باتىل پىكىرلىرىنى كىڭگەيتىش ئۈچۈن بىر خاتانى ئون توغرا بىلەن يۆگەپ تەقدىم قىلماقتا. بۇ تاكتىكا سايىسىدا، ئىسلام دىنى ھەققىدە مەلۇماتى يېتەرسىز ياكى تەقۋالىقتىن نەسىبىسىنى ئالالمىغان ئادەملەرنىڭ ئەقىدىلىرى بىلەن ئوينىشىۋاتىدۇ.

53. ئىمام غەززالىدىن دەرسلەر، 125 ـ بەت

شەرقشۇناس پەلسەپىچىلەر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ غەرب پىكىرلىرىنىڭ ھېچ بىرىنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ پىكرى ئىلاھىي ھۆكۈملەردە ئېتىقادىي جەھەتتىن ئادەمنى شۈبھىگە تاشلاشتەك ئېغىر زىيان ئېلىپ كېلىدۇ.

ئىمان بىر پۈتۈن بولۇپ، پارچىلىنىشنى قوبۇل قىلمايدۇ. مەسىلەن، قۇرئان كەرىمنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلغۇچى بىلەن ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر ھۆكۈمنى ئىنكار قىلغۇچى ئارىسىدا بىر پەرق يوق. بۇ ھەر ئىككى ئەھۋالدا ئىنسان ئىماندىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

بۇ خەتەرلىك ئەھۋال سەۋەبلىك، ھەق بىلەن باتىلنى توغرا ئايرىيالايدىغان ئەھلى ئۆلىمالار سىرتىدىكى مۇسۇلمان ئاممىنىڭ باتىل پىكىرلەر بىلەن مەشغۇل بولۇشى توغرا ئەمەس.

يەنە بىر مۇھىم مەسىلە، شەرقشۇناس پەلسەپىچىلەر ئوتتۇرىغا قويغان خاتا پەلسەپە ئېقىملىرىغا قارشى، ئىلمىي ئاساستا قايىل قىلارلىق جاۋاب بېرەلەيدىغان، قۇرئان ۋە سۈننەت مەدەنىيىتىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن مۇتەپەككۇر ئالىم ـ ئۆلىمالىرىمىزنىڭ پەلسەپە بىلىملىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشىنى ياتسىرغىلى بولمايدۇ. بەلكى بۇ ئۇلارنىڭ ئېغىر مەسئۇلىيىتى. چۈنكى مەيداننى ئاتېئىست ۋە ماتېرىيالىست پەلسەپىچىلەرنىڭ مونوپوللىقىدا قالدۇرماسلىق ئۈچۈن پەلسەپە ساھەسىدىمۇ ئىسلامىي مۇتەپەككۇر، پەلسەپىچى ئالىملىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشى زۆرۈردۇر.

ئىمام غەززالىمۇ ئەھلى سۈننەت ئېتىقادىنى قوغداش ۋە ئۇلارنىڭ دۇرۇس ئىمانىنى قالايمىقان پىكىر ۋە چۈشەنچىلەردىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بۇ ئىلىم ئۈستىدە كۆپ ئىزدەنگەن. ھەتتا "ئىنسان بىلمەيدىغان نەرسىسىنىڭ دۈشمىنىدۇر" دېگەن سۆزنىڭ قۇربانى بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن پەلسەپىنىڭ پۈتۈن ئىنچىكە پىرىنسىپلىرىنى تەپسىلىي ئانالىز قىلىپ، ۋايىغا يەتكۈزگەن. ئۇ شۇ دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ئىدىكى "مەقاسىدۇل پەلسەپە" ئىسىملىك بىر ئەسەر يېزىپ، ئۆز زامانىسىدىكى پۈتۈن پەلسەپىۋى مەسىلىلەرنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن "تەھاپەتۇل پەلاسىپە" ئىسىملىك يەنە بىر ئەسەر يېزىپ، پەلسەپىنى تەنقىد قىلغان. بولۇپمۇ، ئارىستوتىل ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ پىكرىي جەھەتتىن ئەھلى سۈننەت ئېتىقادىغا زىت كېلىدىغان 20 تۈرلۈك مەسىلىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە 3 تۈرلۈك مەسىلىنىڭ ئىنساننى كۇپۇرغا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

پەلسەپە بىلەن مەشغۇل بولۇشى چەكلەنگەن ئىككىنچى بىر خۇسۇسمۇ، غەرب ئىدىئولوگىيىسىگە قارىغۇلارچە ئەگىشىش كېسەللىكى بولۇپ، بۇ كېسەللىك ئىسلام تەپەككۇرىنى پەقەتلا پەلسەپە ئاساسى ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇشقا ئۇرۇنۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، قەستەن ياكى بىلمەي، تەقلىدچىلىك ھېرسمەنلىكى بىلەن ئەقلىنى ئاساس قىلىپ، نەقىل يەنى ۋەھيىنى قوشۇمچە قاتاردا كۆرگەنلىك بولىدۇ.

ھالبۇكى، ئىسلامنىڭ ئىنسانىي تۈزۈلمىلەرگە، زامان ئېقىملىرىغا ياكى باشقا دىنلار بىلەن بىرىكىشكە ئېھتىياجى يوق. بۇنىڭغا ئېھتىياجلىق دەپ قاراش، ئىسلامنىڭ ئالەمشۇمۇللۇقىنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ. چۈنكى ئىسلام يەر يۈزىدىكى يېگانە ھەق ۋە توغرا دىندۇر ۋە ئەڭ مۇكەممەل دۇنيا قارىشىغا ئىگە ئۇنىۋېرسال نىزامى ئالەمدۇر. ئىسلام لايىقىدا تەتبىقلانغان زامانلاردا جەمئىيەتنىڭ دائىمىي ھۆزۈر مەنبەسى بولۇپ كەلگەن.

بىر بۇلبۇلنىڭ، ئۆزىنىڭ يېقىمسىز ئاۋازلىق قاغىنى دورىيالايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بۇ ئىقتىدارى بولماي تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالالمايدىغانلىقىنى دەۋا قىلىشى، قاتتىق نادانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

گوللاندىيە روتتېردام ئىسلام ئۇنىۋېرستېتى مۇدىرى پىروفېسسور ئاھمەت ئاقگۈندۈز "يېڭى دۇنيا تەرتىپى تەتقىقاتى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى" ناملىق ماقالىسىدا كۈنىمىزدە ئىنسانلارغا سائادەت ئېلىپ كېلىدىغان يېگانە دۇنيا قارىشىنىڭ پەقەت ئىسلام ئىكەنلىكىنى، بۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويغان: "باشتا كوممۇنىزم ۋە كاپىتالىزمدىن باشلاپ پۈتۈن "ئىزم" لارنىڭ ھەممىسىنىڭ ۋەيران بولغانلىقى، بولۇپمۇ نەزەرىيەچىلەرنىڭ يىلتىزىدىن قۇرۇشقا قاراپ مېڭىۋاتقانلىقى ئايان بولغان بۈگۈنكى كۈندە، ئىنسانلارنىڭ سائادىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتا، ئىسلامىيەتتىن باشقا ئىككىنچى بىر مەدەنىيەت ئىزناسى يوق".

بۇنىڭ نەمۇنىلىك بىر مىسالى، رىمدا پوپلارنىڭ ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق مەخپىي يىغىنىدا، كوممۇنىزم بالاسىغا ئەڭ كۆپ مۇبتىلا بولغان غەربى ياۋروپا دۆلىتىنىڭ ئىتالىيە ئىكەنلىكى، ئىتالىيەدە كوممۇنىزمدىن يېڭىۋالغان ياشلارنىڭ ئەسلىيىتىنى يوقاتقان خرىستىيانلىقا ئەمەس، ئىنسانلارنىڭ پىترەت دىنى بولغان ھەق دىنغا مايىللىقى كۈچلۈك بولغانلىقى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئاز بولغاندا ئاتمىش پىرسەنتى ئىسلام دىنىنى تاللىغانلىقىنى ئاشۇ پوپلارنىڭ ئۆزلىرى ئېتىراپ قىلغان.

ئەگەر بىز مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىنى توغرا چۈشىنىپ، ئۆزىمىزنى ئىسلام پىرىنسىپىغا لايىقلاشتۇرۇپ، ئەمىلىيىتىمىزدە ئۇنى ياشىيالىغان بولساق، كاشكى!.. باشقا ئەللەرنىڭ ئىسلامغا قىزىقىش نىسبىتىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرىلايدىغانلىقى مۇقەررەر بولغان بولاتتى.

مانا بۇنىڭدەك ئەھۋاللاردىن ئەنسىرەيدىغان غەرب ئەللىرى، غەربتە كۆتۈرۈلگەن ئىسلامغا مايىللىق دولقۇنىنى توسۇپ قېلىش ئۈچۈن ئىسلام دىنىنى ئاشقۇنلاشتۇرۇپ خاتا تەشۋىق قىلىپ كەلگەن.

شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈۋېلىش كېرەككى، بۇ ھاياتتا ھېچبىر بىر مىللەت دىنسىز ياشىيالمايدۇ، ئاۋۋال روسىيە كوممۇنىزم شاملىغا يولۇقۇپ، ئەقىدە جەھەتتە يىمرىلدى، خرىستىيانلىققا قايتقان تەقدىردىمۇ، ھەقىقىي خرىستىيان بولالمىدى. ئۇلارنىڭ ئاخىرىدا بىرىپ توختايدىغان يېرى (ئەگەر بىز مۇسۇلمانلار

مۇسۇلمانلىق مەسئۇلىيىتىمىزنى جارى قىلدۇرالىساق) ئىسلامدىن باشقا نەرسە ئەمەس."

غەربنىڭ ئەسىرلەردىن بېرى مۇتەئەسسىپلىك تۇمانلىرى ئارىسىدا تېڭىرقاپ، ئىسلامغا قارشى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن سەلبىي ھەرىكەتلىرى سەۋەبلىك، ئىسلامنىڭ پارلاق نۇرىدىن پايدىلىنالماي، قوللىرىدىكى گۆڭگا شام يورۇقى بىلەن كۆرۈشكە تىرىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۇق.

ۋاقتى كەلگەنلىكى ئۈچۈن شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، بىر قىسىم چوڭ كۈچلەر، غەرب ئەللىرىدە كۆتۈرۈلگەن ئىسلامغا بولغان قىزغىنلىق دولقۇنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن "ئىسلامنىڭ بىر قەبىلە دىنى، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ مۇسۇلمان بولغانلارمۇ ۋەھشىي ۋە قانخور" دېگەندەك قارىلاش پائالىيەتلىرى ئۇزۇندىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بېرى "ئىسلام تېررور ۋە ئۇرۇش دىنى" دەپ يەنە باشقا بىر تۆھمەت ۋە يالغان-ياۋداق ھەرىكەت باشلاندى. ئۇلار بۇ قارىلاش ھەرىكىتىنى رەسمىيلەشتۈرۈش ۋە ئىسلامغا ھامىلە خەلقىنىڭ ئېڭىنى يۇيۇش مەقسىتىدە بەزى ئىسلام جۇغراپىيىسىدىكى ئاچلىق، پېقىرلىق، تەرەققىيات جەھەتتىكى قالاق ۋە ئىلگىرىلىمەسلىكتەك كۆرۈنىشلەرنى توختىماي جار سالماقتا. ھالبۇكى، بۇ كۆرۈنىشلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە، ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن سالغان سەلبىي ئۇرۇقلارنىڭ ئاساسلىق رولى بارلىقىنى ئاۋام خەلقتىن يوشۇرۇپ

كەلمەكتە. لېكىن كۆنىمىزدىكى ئۇچۇر ۋە مېديا كەڭرى قانات يايغان دەۋردە بۇ ھەقىقەتلەر بۇرۇنقىدەك پەردە ئارقىسىدا قالماي، كۆن يۈزىگە چىقماقتا.

ئىسلامغا سەلبىي ئاڭدىن ئۇزاق ھالدا، ئىنساب نەزىرى بىلەن قارايدىغان ساغلام ئەقىللىق ئىنسان، غەرب ئەللىرى دەۋا قىلغىنىدەك، ئىسلام دىنىنىڭ "تېررور، رادىكال، ۋەھشىي" بىر دىن ئەمەسلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. چۈنكى ئالەملەرگە رەھمەت بولۇپ كەلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتى ماھىيەتتە "تېرورىستلار بىلەن كۈرەش" ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئىسلامنىڭ غايىسى ئىنسانغا، ھايۋانغا ۋە تەبىئەتكە قارشى ئېلىپ بېرىلغان پۈتۈن ۋەھشىي ھەرىكەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش كۈرىشىدىن ئىبارەت. كائىناتنىڭ ئىپتىخار ئابىدىسى بولغان ئۇ ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ھەق-ھوقۇق ۋە ئادالەت تەقسىم قىلغان.

ھەقىقەتتە 1789-يىلقى فرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ پىكرىي ئاساسىنى تەييارلىغۇچىلاردىن بىرى بولغان پەيلاسوپ "Lafayat" ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان "كىشىلىك ھوقۇق بايانامىسى" نى ئېلان قىلىشتىن بۇرۇن پۈتۈن قانۇن سىستېمىلىرىنى تەتقىق قىلغان ۋە ئىسلام قانۇنىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى كۆرگەندىن كېيىن: "ئى مۇھەممەد! سەن ئادالەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەھەتتە يەتكەن سەۋىيەگە ئىككىنچى بىر شەخس

ۋە سىستېمىنىڭ يېتىش ئىمكانىيىتى يوق!“ دېيىشتىن ئۆزىنى توختىتالمىغان.

ھەقىقەتەن، ئىنسانلىقنىڭ پەزىلەت چىرىغى ئۆچكەن، پۈتۈن دۇنيانى ئېتىقادسىزلىق ۋە ئەخلاقسىزلىق قاپلىۋالغان بىر جاھىلىيەت دەۋرى، ئۇنىڭ كېلىشى بىلەن ھەقىقەت ۋە سائادەت نۇرىغا تولغان. بىگۇناھ قىزلارنى تىرىك كۆمۈپ، قېرىنداش قەبىلىلەر بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قان كۆلىگە ئايلانغان سەھرا چۆللىرى، ئۇ رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ تەبلىغ ۋە دەۋىتى بىلەن نۇرلۇق مەدەنىيەت باغچىسىغا ئايلانغان، نەپرەت تۇيغۇلىرىغا، شۇنىڭدەك قان دەۋالىرىغا تولۇپ كەتكەن زۇلۇم پاتقاقلىقى قۇرۇپ، دىنىي قېرىنداشلىقنىڭ ھۇزۇر ۋە مۇھەببەت ئېقىمىغا ئايلانغان. ئىنسانلارنىڭ ھېلىمۇ ھەۋىسىنى قوزغاپ ھېرىسمەنلىكىنى ئاشۇرۇپ كېلىۋاتقان ئۇ مىسلىسىز ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت بارلىققا كەلگەن.

مانا ئىسلام شۇنداق پارلاق بىر ھىدايەت نۇرىدۇركى، ئۇنىڭغا لايىقىدا ئەگەشكەن خەلق ۋە مىللەتلەرنى ھەر ۋاقىت ۋە ھەر يەردە ئىنسانلىق، پەزىلەت ۋە مەدەنىيەتتە يۇقىرى پەللىگە چىقارغان. ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيا ھاياتىنى ئارامگاھلىق ھۇزۇر جەننىتىگە ئايلاندۇرغان، ئىسلامدىن تېخىمۇ مۇكەممەل بىر ھايات نىزامى ھازىرغىچىلىك مەۋجۇت بولمىغىنىدەك، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ.

شۇڭا بۈگۈن يەر يۈزىدىكى يېگانە ھەق دىن ئىسلامنىڭ روھىنى لايىقىدا ئىدراك قىلىپ، ئۇنىڭغا

مۇستەھكەم ئىرسىلىش ۋە ئۇنى ئىش-ھەرىكىتىمىزدە ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىنقى ۋە تەخىرسىز مەسئۇلىيىتىمىز ۋە باش تارتقىلى بولمايدىغان جاۋابكارلىقىمىزدۇر.

ئىنسانىيەت بۇرمىلانغان دىنلار بولسۇن ياكى ئۆزى ئىخترا قىلغان دىن ۋە ئىدىيىۋى قاراشلار بولسۇن ياكى ئەقىل مەھسۇلاتى بولغان پەلسەپىۋى ئېقىملاردا بولسۇن، ھېچ بىرىدە ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان نەرسىسىنى تاپالماي، روھىي چۈشكۈنلۈككە گىرىپتار بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭغا قارىماي ھەق دىن ئىسلامىيەتنىڭ مەنسۇپلىرى بولغان بىر قىسىم خام ئەرۋاھلارنىڭ غەرب ئەللىرىنىڭ ئازغۇن پىكىر ۋە باتىل ئەقىدىلىرىگە ھەۋەس قىلىپ، ھەيران قېلىشىدىنمۇ دەھشەتلىك ھودۇقۇش بولمىسا كېرەك!

نۆۋىتى كەلگەندە بۇ يەردە بىر ئەسلىمەمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم: " بىر قانچە يىل ئاۋۋال فرانسىيەلىك مەشھۇر پەيلاسوپ ۋە سىياسەتچى، سابىق فرانسىيە كوممۇنىست پارتىسى بۆلۈم باشلىقى "Roger Garaudy" ئىسلامنى تەتقىق قىلىپ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئىستانبۇلغا كېلىپ، يىلدىز سارىيىدا بىر لېكسىيە بەردى. لېكسىيەگە مەنمۇ قاتناشتىم. ئۇ لېكسىيەسىدە مۇنداق دېدى: "سىلەر دىنني ۋە پىكرىي جەھەتتىن ساغلام ئاساسقا ئىگە. غەرب بۇ جەھەتتە كېسەل، لېكىن ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، سىلەر كېسەلنى تەقلىد قىلىۋاتىسىلەر، ئۆزۈڭلارنىڭ ساغلاملىقىدىن خەۋىرىڭلار يوق!..."

كۆنىمىزدە ئىلاھىيات فاكولتېتلىرىدا يۇقىرى سەۋىيە دەرسلىكلەر بويىچە ئىسلامىي ئىلىملارنىڭ ئوقۇتۇلىشى، شۇنىڭدەك ئىسلامىي پىرىنسىپ ۋە ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىنى چىقىش قىلغان ئاساستا پەلسەپە ۋە پىكرىي ئېقىملارنىڭ تەھلىل قىلىنىشى زۆرۈر بولغان تۇرۇۋغلۇق، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ خاتا زېھنىيىتى بويىچە تۈزۈلگەن پەلسەپىۋى، پىكرىي ۋە پىلان، لايىھەلەرنىڭ ئىسلامنى تەنقىد قىلىش ئوبيېكتى قىلىۋېلىشى، قىڭغىر زېھنىيەتنىڭ باشقا بىر نامايەندىسىدۇر.

بۇنىڭدىن سىرت ئىلاھىيات ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەقبۇل دەرىجىدە دىنىي ئاساسقا ئىگە بولماي تۇرۇپ، يەنى يېتەرلىك سەۋىيەدە قۇرئان ۋە سۈننەت مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشماي تۇرۇپ، باتىل پىكىرلەرنى ئۆگىنىشكە تەشۋىق قىلىنىشمۇ، يېڭى يېتىلىۋاتقان زېھنلەرنى ئازدۇرىۋېتىدىغان يەنى تېيىپ كېتىشى مۇقەررەر بولغان خەتەرلىك ئەھۋالدۇر. چۈنكى ئۇلار تەھلىل قىلىنمىغان باتىل قاراشلارنىڭ ئاجىز ۋە نۇقسان تەرەپلىرىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىمانىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدىغان ئىمام غەززالى ئەمەس.

ئەمەلىيەتتە، ئىستىسنالار (ئالاھىدە ئەھۋال) سىرتىدا پەلسەپە ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن تەقۋالىقنى ئاشۇرغان، دىندارلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن بىر مۇسۇلمان كۆرگىلى بولمايدۇ. لېكىن يېتەرلىك ئىلىم-ئىرپانغا ئىگە بولماي تۇرۇپ، پەلسەپە ئوقۇپ دىندىن چىقىپ كەتكەن نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن.

شۇ سەۋەبلىك، پەلسەپە ئوقۇتۇش زوۋرۇ بولۇپ قالغاندا، ئالدى بىلەن قۇرئان ۋە سۈننەت مەدەنىيىتى بىلەن ئاساس سېلىنىشى كېرەك. ئاندىن پەلسەپەنىڭ پەقەت توغرا ۋە پايدىلىق قىسمىنىلا ئەمەس، ئۇنىڭ نۇقسان ۋە يېتەرسىزلىكلىرى بىلەن بىرگە قوشۇپ ئۆگىتىلىشى، پەلسەپىۋى قاراشلار سۆزلەنگەندە ئىسلامنىڭ ئۇ پىكىرلەرگە قانداق جاۋاب بەرگەنلىكى قايىل قىلارلىق ئىلمىي دەلىللەر بىلەن ئىزاھلىنىشى، ئىسلامىي ھەقىقەتلەرگە زىت، بولۇپمۇ ئاتېئىست ۋە ماتېرىيالىست پەلسەپە ئەسەرلىرى قارىمۇ-قارشى ئەسەرلەر بىلەن بىرلىكتە چۈشەندۈرۈلىشى، بۇ شەكىلدە ئىسلامنىڭ ئىنسانلارنىڭ پەلسەپىۋى مەسىلىلىرىگە قانائەت قىلارلىق جاۋاب بېرەلەيدىغان يېگانە دۇنيا قاراش ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى كېرەك.

ئىسلام تارىخىدا "نىزامىيە، ئىزنىك ۋە فاتىھ" مەدرەسىلىرىدە يېتىشتۈرۈلگەن ئىنسان تۈرى، جەمئىيەتكە ھەر جەھەتتە رەھبەرلىك قىلالايدىغان دەرىجىدە ئەتراپلىق ئىلمىي قابىلىيەتكە ئىگە "ئالىم" كىشىلەر ئىدى. يەنى بىر ئىسلام ئالىمى تەپسىر، ھەدىس، ئەقىدە، فىقھ ۋە تەسەۋۋۇپقا ئوخشاش ئىسلامىي ئىلىملەردە چوڭقۇرلاشقاندىن سىرت ئىمكان، ئىستېبدات ۋە تالانتىغا قاراپ قانۇن، پەلسەپە، مېدىتسىناغا ئوخشاش ئىلىملەرنى تەھسىل قىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىدى.

كۈنىمىزدە بۇ سەۋىيەدە ئىلىم تەھسىل قىلىش مېتودى ئۆزگىرىپ، پەقەتلا مۇئەييەن بىر بۆلۈم ياكى

خۇسۇسىي بىر پەندە مۇتەخەسسىسلىشىش ئالدىنقى پىلان بولۇپ قالماقتا. بولۇپمۇ بىر قىسىم دىنىي فاكولتېتلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قۇرئان ۋە سۈننەت مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشۇشى تەلەپكە لايىق سەۋىيەگە كەلمەي تۇرۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەنلىكى، يەنى ئىسلامىي بىلىملەر ئېھتىياجقا لايىق دەرسلىك قىلىنمىغانلىقى مەلۇم.

مەسىلەن، قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ جانلىق تەپسىرى بولغان "سىيەر" يەنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ۋە ئۇنىڭ مۇبارەك ساھابىلىرىنىڭ ھايات پائالىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك دەرسلىكلەرگە تەلەپكە لايىق ۋاقىت ئاجرىتىلمىغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ۋاقىتمۇ كۆپىنچە جەدۋەللەشتۈرۈلگەن مەزمۇن ۋە دائىرە ئىچىدىن چىقالىغىنى يوق. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ تەرجىمە ھالى، ئۇ زاتنىڭ خاراكتېرىنى، ئوبرازى بىلەن بىرگە تەھلىل قىلالايدىغان ئالاھىدىلىكتە ئۆگىتىلىشى زۆرۈر بولغان دەرسلىكلەردۇر. چۈنكى جانابى ئاللاھ بىزگە نامازنىڭ ھەر رەكئىتىدە:

اِهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ

(بىزنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلغىن)[54] دۇئاسى بىلەن بىزنى ئۆزىگە ئىلتىجا قىلىشقا بۇيرىماقتا. "سىراتىمۇستەقىم" دىن نېمە مەقسەت قىلىنغانلىقىنىڭ ئىزاھاتىنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا خىتاب قىلىپ، ياسىن سۈرىسىنىڭ 4-ئايىتىدە:

---

54. سۈرە فاتىھە، 6-ئايەت

عَلَى صِرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ

(ئى مۇھەممەد سەن توغرا يول ئۈستىدە) دېمەكتە. بۇ سەۋەبلىك جانابى ئاللاھ رازى بولغان سىراتى مۇستەقىمگە ئېرىشىشنى خالىغان ھەر مۆمىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يېقىندىن تونۇش ۋە ئۇنىڭ نۇرلۇق ئىزىدىن مېڭىشىغا توغرا كېلىدۇ.

ئىسلام قانۇنىنىڭ ئاساسى مەنبەلىرىدىن بىرى "قۇرئان" يەنە بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ "ئەڭ گۈزەل نەمۇنە ۋە ئۆرنەك" ھاياتىدۇر. رەببىمىز قۇرئان كەرىمدە ئۆزىنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى ئىخچام يەنى خۇلاسە شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويغان. بۇلارنىڭ تەپسىلاتى ۋە ئىجرا قىلىنىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆرنەك ھاياتىدا نامايەن بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاندا مۇنداق دېيىلگەن:

مَّن يُطِعِ ٱلرَّسُولَ فَقَدْ أَطَاعَ ٱللَّهَ

(كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ)[55]. يەنە بىر ئايەتتە:

وَإِنَّكَ لَعَلَىٰ خُلُقٍ عَظِيمٍ

«(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن.»[56]

شۇڭا گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولىمەن دەيدىغانلار، پەيغەمبەر ئەليھىسسالامنىڭ نەمۇنىلىك ئەخلاقىدىن ئۆرنەك

55. سۈرە نىسا، 80-ئايەت
56. سۈرە قەلەم، 4-ئايەت

ئېلىشقا تىرىششى لازىم. چۈنكى 1400 يىلدىن بىرى كىتابخانىلارنى تولدۇرغان پۈتۈن ئىسلامىي كىتابلارنىڭ ھەممىسى بىرلا كىتاب يەنى قۇرئان كەرىمنى، بىرلا ئىنسان يەنى قۇرئان ئەخلاقىنىڭ جانلىق ئۆرنىكى بولۇپ، ئىنسانىيەتكە ئەۋەتىلگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىزاھلاش ئۈچۈن قەلەمگە ئېلىنغان.

يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

نَزَلَ بِهِ الرُّوحُ الْاَمِينُ عَلٰى قَلْبِكَ لِتَكُونَ مِنَ الْمُنْذِرِينَ بِلِسَانٍ عَرَبِيٍّ مُبِينٍ

«ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىن بولۇشۇڭ ئۈچۈن، ئىشەنچلىك جىبرىئىل ئۇنى سېنىڭ قەلبىڭگە ئېلىپ چۈشتى، (قۇرئان) ئوچۇق ئەرەبى تىلىدا (نازىل بولدى)»[57]

شۇ سەۋەبلىك قۇرئاننى لايىقىدا ئىدراك قىلىشنى خالىغان بىر مۆمىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭۈل ئىقلىمىغا مەستانە بولماي كامىل مۆمىنلىك شەرتىنى ئادا قىلالمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتى قۇرئان كەرىمنىڭ ئەمەلىي تەپسىرى ماھىيىتىدە. قۇرئان كەرىمنىڭ سىر ۋە ھېكمەتلىرىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈرەك تىۋىشلىرىدىن بىر ئۈلۈش ئېلىش ئارقىلىق چۈشىنىلىدۇ.

57. سۈرە شۇئەرا، 193 ـ 195 ـ ئايەتلەر

شۇڭلاشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چۈشىنىش، ئاللاھتائالاغا قۇللۇق قىلىشتا ئەڭ مۇھىم باسقۇچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى چۈشەنمەي، ئۇنى تونىماي، ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭماي، ئۇنىڭ كۆڭۈل ھېسلىرىدىن بىر ئۆلۈش نېسىبدار بولمىساق ئىمانىمىز كامىل بولمايدۇ، قۇرئاننى لايىقىدا ئىدراك قىلالمايمىز، بەندىچىلىكىمىزنىمۇ كامىل مەنادا ئادا قىلالمايمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى لايىقىدا بىلمىگەندە، ئىسلامى ئىلىملەردىن ھېچ بىرىنى يەنى تەپسىر، ھەدىس، فىقھە ئىلىملىرىنى لايىقىدا چۈشەنگىلى بولمايدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئىسلامنى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ۋە ئىش-ئىزلىرىنى ئالدىنقى قاتاردا ئۆگىنىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئۇخشاش بولمىغان سۈپەتلىرىنى پەرقلىق يەرلەردە مىسال ئارقىلىق بايان قىلغان. پەيغەمبەرلەرنىڭ جەمئىيەتتە دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۇسۇل ۋە مېتودلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىشىمىزنى تەلەپ قىلغان. بۇ سەۋەپتىن كۆنىمىزدە ئىلاھىيات فاكولتېتلىرىدا دىنلار تارىخى دەرسى بىلەن قوشۇپ پەيغەمبەرلەر تارىخىغا دائىر دەرسلىكلەرنىڭ قويۇلۇشىمۇ زۆرۈردۇر.

دىنىي ئوقۇغۇچىلار باشقا ساھەلەرگە ئائىت ئىلىملارنى تەھسىل قىلىشتىن ئاۋۋال، پۈتۈن قابىلىيىتىنى ئىشقا

سىلىپ، شەرئىي ئىلىملاردىن ئاساس تىكلىۋېلىشقا سەل قارىماسلىقى كېرەك.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامىي ئىلىم تەھسىل قىلماقچى بولغانلار، باشتا قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەت روھى بويىچە تەپەككۇر ئۇيۇقلىرىنى كېڭەيتىپ، ئىمانىنىڭ ئاساسىنى مۇكەممەل شەكىلدە كۈچلەندۈرىشى لازىم. ئەگەر ئۇنداق بولمىغان ئەھۋالدا، قۇرئان تەپەككۇرىدىن ئۇزاق قەلبلەردە ئىمان چوڭقۇر يىلتىز تارتالمايدۇ، بەلكى تېخىمۇ ئاجىزلاپ قۇرۇپ كېتىدۇ. بۈگۈن ئەقىل ۋە مەنتىقىنىڭ ساختا سۆلىتى باتىل پىكىرلەر بىلەن پەردازلىنىپ، ئىنسانلارنىڭ تېپىپ كېتىشىگە ۋاستە بولۇپ كەلگەن قىيىنچىلىقلاردىن بىرىدۇر.

جانابى ئاللاھ ھەممىمىزنى قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ قىممىتىنى لايىقىدا ئىدراك قىلىپ، ئەقلىمىز ۋە قەلبىمىزنى بۇ ئىككى مەنبەنىڭ نۇرى بىلەن يورۇتىشىمىزغا ۋە ئىلاھىي ھېكمەتلەردىن نېسىبدار بولۇشقا مۇيەسسەر قىلسۇن. قۇرئان كەرىم، كائىنات ۋە ئىنساندا نامايەن قىلىنغان ئىلاھىي قۇدرەت ۋە ئۇلۇغلۇق تەجەللىلىرىدىن قورقۇپ تىترەيدىغان ئىنچىكە ۋە سەگەك كۆڭۈلنى ھەممىمىزگە ئېھسان قىلسۇن. «ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن!»[58] دېگەن ئەمر-پەرماندىن نېسىبدار بولۇپ، كائىناتنىكى پۈتۈن ئەسەردىن تەسىرلىنىپ، ئەسەر

58. سۈرە ئەلەق، 1-ئايەت

ئىگىسىگە نائىل بولالايدىغان ساغلام ئەقىل ۋە ساغلام قەلب ئىنئام قىلسۇن! ئامىن!

..........................................................................................
..........................................................................................
..........................................................................................
..........................................................................................
..........................................................................................
..........................................................................................
..........................................................................................
..........................................................................................
..........................................................................................
..........................................................................................
..........................................................................................
..........................................................................................
..........................................................................................
..........................................................................................
..........................................................................................
..........................................................................................
..........................................................................................
..........................................................................................
..........................................................................................
..........................................................................................
..........................................................................................
..........................................................................................
..........................................................................................
..........................................................................................
..........................................................................................
..........................................................................................
..........................................................................................
..........................................................................................
..........................................................................................